
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# سېھرلىك ئالما

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-10822-0
9 787228 108220 >
定价：4. 50元

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# سېھىرلىك ئالما

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





ئۈرۈمچى 2007-يىلى

**图书在版编目(CIP)数据**

神奇的苹果：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. -
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
(维吾尔民间故事)
ISBN 978-7-228-10822-0

Ⅰ.神… Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集 - 中国 -
维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006085号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

**神奇的苹果**（维吾尔文）
**（维吾尔民间故事）**
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.5印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978-7-228-10822-0　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى
## سېھىرلىك ئالما

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5000
ISBN 978-7-228-10822-0
باھاسى: 4.50 يۈەن

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 55 كىتابچە نەشىردىن چىقتى

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)


چىن تۆمۈر باتۇر
ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا
ئالتۇن كوكۇللۇق بالا
كەنجى باتۇر
كىيىك خانىش
مەرۋان بىلەن تەرسا
ياغاچ ئات
ئۇر، توقماق
چۆچۈرە بالا
سىرلىق چىراغ
شاھزادە بىلەن ئالۋاستى
نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك
ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش
باتۇر قىز
شەيتانىنىڭ تىجارىتى
بىلمەس تاز
تەلۋە كۈيئوغۇل
كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار
شەيتاننى ئالدىغان تاز
ئادەمىي شەيتان
خىزىر نىياز
سېھىرلىك ئالما
ئۈسكەك پادىشاھ
قاينا، چۆگۈن
ئەقىللىق كەنجى قىز
ھەركىم قىلسا ئۆزىگە
يالتايغاق بوۋاي
ئۈجمە سايىسى
ئەپچىلەم
ئارغىماق ماجىراسى
ئىككى باينى ئەپلىگەن مالاي
ئۆرگىلىۋاي بىلەن چۆرگىلىۋاي
يەتتە لىگگىلىتاق بىلەن بىر شىگگىلىتاق
شىپتىلە بىلەن پىپتىلە
مازاقخور مازاقتا ئۆلەر
پادىشاھنىڭ كۈننى ئۇزارتىشى
ئېشەكنى ئۇرۇپ خوتۇننى قورقۇتۇش
موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى
قازان تۇۋۇى
شاھ بىلەن شاتۇتى

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى — 1، 2، 3، 4، 5 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)
ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى (ھېسام چاقچاقلىرى) — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)
ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)
ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى — 1، 2، 3 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)
ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 3.50 يۈەن)
ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى (3.50 يۈەن)

(بۇ بىر يۈرۈش 55 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 244.50 يۈەن)

# مۇندەرىجە


مەنشەرەبانۇ ........................ 1
سېھىرلىك ئالما ........................ 26
قازىنىڭ تەدبىرى ........................ 32
كۆڭلەك ........................ 35
خوجا سېلىم ........................ 38
ھاياتلىق سۈيى ........................ 56
نىيىتى يامان ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلەر ........................ 72

# مەشرەبانۇ

كۆنلەرنىڭ بىرىدە تاشكەنتكە قاراشلىق سەنبىزارى ھەرەم شەھىرىدە بىر جۈپ توڭگۆز پەيدا بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ يېگۆدەكلىكى نەرسىلىرىنى ھەم كۆپ ئادەمنى يەپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆسەن شاھىغا مەلۇم قىلغۇچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەھەر خەلقى بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىران شاھى خۇسرەۋغا ئادەم ئەۋەتىشنى شەھەرنىڭ ھاكىمى كەركىن مىلاتقا مەسلىھەت ساپتۇ. بۇ مەسلىھەتنى ھاكىم كەركىن مىلات قوبۇل كۆرۈپ، نۇرغۇن خەلق بىلەن شەھىرى شىرازغا بېرىپ خۇسرەۋ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا «داد» ئېيتىپتۇ. ياساۋۇللار ئوردا دەرۋازىسىنى توسۇپ: «نېمە دادىڭلار بولسا، بىزگە ئېيتىڭلار» دەپتۇ. «دادىمىزنى پەقەت خۇسرەۋغىلا ئېيتىمىز، يولىمىزنى توسۇمىغايسىلەر» دەپ خالايىق چىڭ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياساۋۇللار شاھ دەرگاھىغا كىرىپ:

— ئەي شاھىم، بىرمۇنچە خالايىق داد ئېيتىپ كەپتۇ، دادىمىزنى شاھنىڭ ئۆزىگە دەيمىز، دەيدۇ. يارلىقلىرى

نېچۇكتۇر؟ ــ دەپتۇ.
شاھ خۇسرەۋ ياساۋۇللىرىغا خالايىقنى ئوردىغا باشلاپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. خالايىق ئوردىغا كىرىپتۇ. كەركىن مىلات باش ئېگىپ:
ــ ئەي شاھىم، بىزلەر تاشكەنتنىڭ سەنبىزارى ھەرەم شەھىرىنىڭ پۇقرالىرىمىز. شەھىرىمىزدە بىر جۈپ توڭگۇز پەيدا بولدى. باغلىرىمىزدىكى تۈك ۋە پىششىق مېۋىلەرنى، ھەتتاكى ئۆيدىكى ئادەملەرنى يېدى. خالايىق ئۆيدە ياتالماي، ئۆگزىدە يېتىۋاتىدۇ. بىز بەك قورقۇپ قالدۇق. سىزنىڭ دەرگاھىڭىزدا كاتتا پالۋانلار باردۇ، شەپقەت قىلىپ بىزنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسىڭىز، ــ دەپتۇ.
شاھ خۇسرەۋ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، پالۋانلارغا:
ــ ئەي پالۋانلار، كىمدۇركى سەنبىزارى ھەرەمگە بېرىپ توڭگۇزلارنى ئۆلۈپ، بىر جۈپ چىشىنى كېسىپ كېلىشكە ۋەدە قىلسا، بىر دانە ئالتۇن ئېگەرلىك ئارغىماق، ئون ئىككى مىڭ لەشكەر ئىنئام قىلغايمەن، ــ دەپتۇ.
كىشىلەردىن سۆز چىقىپ بولغۇچە پىرئەن نوچىۋان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:
ــ ئەي شاھىم، بۇ خىزمەتكە مەن بارغايمەن، ــ دەپتۇ. خۇسرەۋ شاھ:
ــ ئەي پىرئەن، سەن ياشتا كىچىك، بۇ ئىشتا بىرەر ۋەقە يۈز بەرسە، بوۋاڭ رۇستەم، ئاتاڭ كەيسۇ سالارنىڭ

مەندىن كۆڭلى ئاغرىيدۇ، سەن بارمىغىن، — دەپ، يەنە پالۋانلارغا قاراپ، — قايسىڭلار بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

بۇ چاغدا يەنە پىرئەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئەي شاھىم، بۇ خىزمەتنى مەن قىلالايمەن. مېنى توڭگۇزلارغا كۆچى يەتمەيدۇ، دەپ سۇندۇرۇۋاتامسىز؟ ئەگەر رۇخسەت قىلمىسىڭىز، كۆزىڭىزدىن ئەنقادەك يىتىپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

شاھ خۇسرەۋ نائىلاج بۇ ئىشنى پىرئەنگە تاپشۇرۇپتۇ.

پىرئەن ئون ئىككى مىڭ لەشكەرگە باش بولۇپ، سەنبىزارى ھەرەمنىڭ ھاكىمى كەركىن مىلات بىلەن بىللە سەنبىزارى ھەرەمگە كەپتۇ. كەركىن مىلات:

— ئەي پىرئەن، شەھەرگە كىرىپ بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ ئاندىن توڭگۇزلارنى ئوۋلاشقا چىقايلى، — دەپتۇ. پىرئەن:

— مەن توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ نېمىتىنى ئاغزىمغا سالغايمەن. بولمىسا، بىر يۇتۇم سۇ، بىر توغرام نانمۇ ماڭا ھارام بولغاي، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پىرئەنگە ئىككى ئادەم قوشۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار پىرئەننى بىر تاغقا ئەكىلىپ، توڭگۇزلار مانا بۇ ئۆڭكۈردە، دەپ كۆرسىتىپتۇ. پىرئەن ئۇلارغا:

— مەن توڭگۇزلار بىلەن ئېلىشقاندا ئۈچ قېتىم نەرە تارتىمەن. ئۈچىلا نەرەمنى ئاڭلىساڭلار، توڭگۇزلارنى ئۆل-

تۇرۇپتۇ، دەپ بىلىڭلار. بىرىنچى نەرەمنى ئاڭلاپ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى نەرەمنى ئاڭلىمىساڭلار، مېنى توڭگۈز ئۆلتۈرۈپتۇ، دەپ بىلىپ، ئاتا ـ ئانامغا ئېيتىپ قويۇڭلار، ماڭا دۇئا قىلىپ قويسۇن، ـــ دەپ خوشلىشىپ، تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە قەدەم قويۇپتۇ. بۇ ئۆڭكۈر بېخىلىنىڭ كۆڭلىدەك قاراڭغۇ ئىكەن. پىرئەن خەنجىرىنى تاشقا سۈرۈپ ئوت چىقىرىپ يورۇتۇپ بىر ئاش پىشىم يول يۈرۈپتۇ، ئاخىر بىر كۆنگەيگە چىقىپتۇ. بۇ يەرنىڭ تۆت ئەتراپى پەلەك بىلەن بارازۋەر تاغ ئىكەن. پىرئەن بۇ يەردە بىر جۈپ توڭگۈزنىڭ ئۆزىنى كۆنگە قاقلاپ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، سەپسىلىپ قارىسا، بۇ توڭگۈزنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىلىقى يەتتە گەز كېلىدىكەن. پىرئەن بۇنى كۆرۈپ، ئەي رەببىم، بۇ يىرتقۇچ مەخلۇقنى يەڭگۈدەك كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغايسەن، دەپ، توڭگۈزنىڭ ئالدىغا بېرىپ نەرە تارتىپتۇ. بۇ نەرە ئاۋازىدىن توڭگۈزلار چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسا، ئالدىدا بىر ئادەم تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن توڭگۈزلار چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، يەرنى تاتىلاپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ پىرئەننى بېسىۋاپتۇ. پىرئەن ئىككىنچى نەرە تارتىپتۇ ـ دە، مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە تومۇرىدىكى كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى بىلىكىگە يىغىپ توڭگۈزنىڭ بېشىغا ئۇرۇپتۇ. پىرئەننىڭ مۇشتلىرى توڭگۈزنىڭ كاللىسىغا جەينەكلىرىگىچە كىرىپ كېتىپتۇ، توڭگۈزنىڭ مېڭىسى ھەر تەرەپكە چاچراپ كېتىپتۇ، توڭگۈزلار يەر چىشلەپتۇ.

بىرگە كەلگەن ھەمراھلار پىرئەننىڭ ئۈچىنچى نەرە ئاۋاز-
نى ئاڭلاپ، پىرئەن توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ، دەپ بىلىپ-
تۇ. پىرئەن خۇداغا يۈزمىڭ شۈكۈرلەر كەلتۈرۈپ، خەنجە-
رىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ، توڭگۇزلارنىڭ چىشلىرىنى كې-
سىۋاپتۇ. بىرگە كەلگەن ھەمراھلار بۇ ئىشنى ئالدىن بې-
رىپ كەركىن مىلاتقا خەۋەر قىپتۇ. پىرئەننىڭ باتۇرلۇقىغا
قاراپ، كەركىن مىلات پىرئەننى كۇسەن شاھىغا تۇتۇپ
بېرىش ئويىغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىگە بىر شۇم-
لۇقنى پۈكۈپ، پىرئەنگە: «سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن
بىر تاغنى ئالتۇن قىلىپ بەرسىمۇ، ئازلىق قىلىدۇ. بىر
ئاخشام بولسىمۇ، بىزنىڭ كۆلبىمىزگە قەدەم تەشرىپ
قىلسىڭىز، كۆڭلىمىزنى خۇش قىلساق» دەپتۇ. پىرئەن
كەركىن مىلاتنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، لەشكەرلىرى-
گە: «مۇشۇ جايدا تۇرۇپ تۇرۇڭلار» دەپ تاپىلاپ قويۇپ،
كەركىن مىلات بىلەن شەھەرگە كىرىپتۇ. كەركىن مىلات
پىرئەنگە كاتتا زىياپەتلەر قىلىپ كۆڭلىنى ئاپتۇ. بىر كۇ-
نى كەركىن مىلات پىرئەنگە ھاراق ـ شارابنى كۆپ ئىچ-
كۈزۈپ شىركەيپ قىلىپ قويۇپتۇ ۋە پىرئەنگە:

— ئەي پالۋان يىگىت، كۇسەن شاھىنىڭ بىر قىزى
بار، ساھىبجامالىقتا يېگانە، ئۇنداق نازىنىن قىز دۇنياغا
بىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى مەلىكە مەنشىرە بانۇ، ئۆزلى-
رىدەك پالۋانغا لايىق ئىدى، لېكىن ئۇنى كۆرمەكمۇ تەس.
ھازىر مەلىكىنىڭ چارباغقا سەيلىگە چىققان كۇنلىرىدۇر، —

دەپتۇ. كەركىن مىلات مەلىكە مەنشىرە بانۇنىڭ ياخشى تە-رىپلىرىنى قىلىپ ماختاپ ئۇچۇرۇپتۇ. پىرئەن شىركەيىپ بولغاچقا، مەلىكىنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئاڭلاپ يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپتۇ - دە، كەركىن مىلاتقا:

— بۇ قىزنى بىر كۆرەي، — دەپتۇ. كەركىن مىلات:

— بوپتۇ، بارساق بارىلى، ئەمما ئۇ يەرگە بېرىشقا ئىككى يول بار، بىر يول ئۇن سەككىز كۈنلۈك، يەنە بىر يول يەتتە كېچە - كۈندۈزلۈك، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەركىن مىلات بىلەن پىرئەن بىرگە كەلگەن لەشكەرلىرىگە ئېيتمايلا يولغا چىقىپتۇ. يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ كۆسەنگە يېتىپ كەپتۇ. پىرئەن بىلەن كەركىن مىلات مىڭئۆينىڭ غەربىدىكى چارباغقا كەپتۇ. ئىككىسى باغنىڭ سىرتىغا ئاتلىرىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ باغ ئىچىگە كىرىپ تۇرغان مەزگىلدە، داقا - دۇمباقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەركىن مىلات:

— ئەي پىرئەن، دەرھال ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئالايلى، مەلىكە كەلگەن ئوخشايدۇ، — دەپ كۆلنىڭ بويىدىكى ئالما دەرىخىنىڭ شېخىغا چىقىۋاپتۇ. پىرئەن ئالما ئۈستىدە شاخقا يۆلىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. كەركىن مىلات پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئالما دەرىخىدىن چۈشۈپ ئېتىنى مى-نىپ، پىرئەننىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ئۆز يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ. پىرئەن ئالمىنىڭ شېخىدا قاپتۇ.


كۆسەن شاھىنىڭ مەلىكىسى مەنشىرە بانۇ باغدىكى

راۋاقتا قىرىق كېنىزەكنى بىلەن جايلىشىپ بولۇپ، كېنىزەكنى سۇغا بۇيرۇپتۇ. ئۇ كېنىزەك كۆلگە قارىسا، كۆلنىڭ ئىچىدە كېلىشكەن بىر يىگىت تۇرغۇدەك. مۇنداق يىگىتنى ئەسلا كۆرمىگەن بۇ كېنىزەك دەرھال راۋاقتا چىقىپ ئەھۋالنى مەلىكە مەنشىرە بانۇغا ئېيتىپتۇ. مەلىكە مەنشىرە بانۇ كېنىزەكنى بىلەن بېرىپ قارىسا، راستتىنلا بىر يىگىت كۆلنىڭ ئىچىدە تۇرغۇدەك. بۇنداق بەرنا يىگىتنى ئەسلا كۆرمىگەن مەلىكە كېنىزەكلەرگە يىگىتنى كۆلدىن ئاچىقىشقا ئەمر قىپتۇ. كېنىزەكلەر كۆلگە سەكرىشىپ چۈشۈپ ئاختۇرۇپتۇ، تاپالماپتۇ، يەنە ئاختۇرۇپتۇ، يەنە تاپالماپتۇ. كېنىزەكلەر سەپسېلىپ قارىسا، سۇ لېيىلىسا، يىگىت يوقاپ كەتكۈدەك، سۇ سۈزۈلسە، پەيدا بولغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن كېنىزەكلەر شۇنداق ئۈستۈن قارىغانىكەن، ئالما شېخىدا ھېلىقى يىگىت ئۇخلاۋاتقۇدەك. مەلىكە مەنشىرە بانۇ ئالما تۈۋىگە كېلىپ ئالمىنى ئىرغىتىپتۇ ۋە:

— ئەي يىگىت، ئادەممۇ سەن؟ كىمنىڭ نەسلى زاتىسەن؟ كۆزۈڭنى ئاچقىن! — دەپتۇ. پىرئەن كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئالدىدا بىر ساھىبجامال مەلىكە تۇرۇپتۇ. مەلىكە:

— ئەي يىگىت، نەدىن كەلدىڭ؟ بۇ چارباغدا نېمە قىلىسەن؟ — دەپتۇ. پىرئەن:

— مەن ئىران شاھى خۇسرەۋنىڭ ۋەزىرى كەيسۇ سالارنىڭ ئوغلى، رۇستەمنىڭ نەۋرىسى پىرئەن بولىمەن.



يەتتە يىل بولدى، كۈسەن
شاھىنىڭ مەلىكىسى مەن-
شىرە بانۇنى چۈشۈمدە
كۆرۈپ ئاشىق بولغانىدىم،
مەلىكىنىڭ پىراقىدا يۈ-
رىكىم كاۋاپ ئىدى، بۈ-
گۈنمۇ سىزنىڭ پىراق-
ىڭىزدا يىغلاپ ئۇخلاپ قال-
غانىدىم، ھازىر قارىسام،
چۈشۈمدە سىزنىڭ ئالدى-
ڭىزدا تۇرۇپتىمەن، مۇبا-
رەك جامالىڭىزنى كۆردۈم، ئاللانىڭ رەھمى كېلىپ مېنى
بۇ جايغا كەلتۈرۈپ قويغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ. مەلىكە
مەنشىرە بانۇ:

— ئۇنداق بولسا، يەتتە يىلدىن بېرى چۈشۈڭدە ئاشىق
بولغان، پىراقىمدا يىغلىغان مېھرىبانىڭ مەن بولۇرمەن.
ئەي پەرىئەن، ئالمىدىن چۈشكىن، مېنىڭ ئالەمدە يېگانە
باغلىرىمنى تاماشا قىلىپ، پىراق ئوتىدا ئۆرتەنگەن يۈرەك-
باغرىڭنى تەسكىن تاپتۇرغايسەن، — دەپتۇ.

مەلىكە مەنشىرە بانۇ پەرىئەننىڭ بويۇنلىرىغا گىرە
سېلىپ راۋاق ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپتۇ، ھەر كۈنى تۈر-
لۈك تائاملار بىلەن مېھمان قىپتۇ. پەرىئەن بىلەن مەلىكە
ئارمانلىرىغا يېتىپتۇ. نەغمىچىلەر، ھاپىزلار ئۇلارنىڭ

كۆڭلىنى ئاپتۇ. پەرىئەن بىلەن مەلىكە ئەرمالىشىپ ـ چەرمالىشىپ، كىچە بولغاننى بىلمەي باغلارنى تاماشا قىلىشىپتۇ. پەرىئەن بىلەن مەلىكە مەنشەرە بانۇنىڭ ئەيش ـ ئىشرەتلىرى قىرىق كۈنگە ئۇلىشىپتۇ. پەرىئەن مەلىكىگە:

— ئەي جېنىمنىڭ جانانىسى، يۈرىكىمنىڭ پارىسى، بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ئاتا ـ ئانام ئۇقمايدۇ. ئاتا ـ ئانام مېنىڭ دەردى پىراقىمدا يىغلاپ يۈرەك ـ باغرى پارە ـ پارە بولغاندۇ. ئەتە قايتىپ كېتىپ يەنە كەلسەم. قىرىق يىل تۇرساممۇ، مۇبارەك جامالىڭىزغا ئەسلا قانمىغايمەن، شۇنداقتىمۇ ئاتا ـ ئانامنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلمىسام بولماس، — دەپتۇ.

مەلىكە مەنشەرە بانۇ خاس كېنىزەكلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ:

— پەرىئەن ئەتە كېتىمەن، دەيدۇ، پەرىئەندىن بىردەم ئايرىلسام، چىدىيالمىغۇدەكمەن، شۇڭا پەرىئەننى تۇتۇپ قېلىشنىڭ بىر چارىسىنى قىلايلى، — دەپتۇ. كېنىزەكلەر مەسلىھەتلىشىپ، مەلىكىگە:

— ئەي مەلىكە جاھان، بۈگۈن پەرىئەننى مېھمان قىلىپ، يېگەن كاۋاپ، ئىچكەن شارابلىرىغا دورا بىھوش قوشۇپ بېرەيلى، پەرىئەن بىھوش بولۇپ يىقىلغاندا، ئۇنى بۈگۈن كېچىدىلا كۆسەنگە ئەكېتەيلى، باغدىكى راۋاقتا ئورۇنلاشتۇرايلى. شۇ چاغدا پەرىئەن ھېچ يەرگە بېرىشقا ئامالسىز قالار، — دەپتۇ.

بۇ سۆز مەلىكە مەنشىرە بانۇغا يېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىرئەنىنىڭ يېگەن كاۋاپ، ئىچكەن شارابلىرىغا دورا بىھوش قوشۇپتۇ. پىرئەن كاۋاپنى يەپ، شارابنى ئىچىپ بىرپەستە بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. مەلىكە مەنشىرە بانۇ ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى پىرئەننى ھارۋىغا سېلىپ كۆسەن شەھىرىگە ئېلىپ كەپتۇ، پىرئەننى راۋاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ، راۋاققا چىقىدىغان شوتىلارنى كېسىپ تاشلاپتۇ. پىرئەن بىر چۈشكۆرۈپ ھوشىغا كېلىپ قارىسا، بىر راۋاق ئۈستىدە مەلىكە مەنشىرە بانۇنىڭ يېنىدا ياتقۇدەك، ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، ئالدىدا شۇنداق كاتتا بىر شەھەر تۇرغۇدەك. بۇ شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقىغا پىرئەنىنىڭ ئەقلى لال بولۇپ، مەلىكىدىن بۇ جاينى سورىغانىكەن، مەلىكە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىز كەتسىڭىز چىدىمايمەن، دەپ كۆسەن شەھەرىگە ئەكېلىپ ئۆز راۋىقىمغا ئاچىقىۋالدىم. مەندىن رۇخسەتسىز ھېچقانداق ئادەم بۇ راۋاققا قەدەم باسمايدۇ. راۋاق ئۈستىدە ئەيش - ئىشرەت بىلەن كۈنىمىز ئۆتسۇن.

ئۇلارنىڭ كۈنى كۈندۈزى راۋاق ئۈستىدە ئۇخلاپ، كېچىسى ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتۈپتۇ.

ئەمدى سۆزنى كەركىن مىلاتتىن ئاڭلايلى:

كەركىن مىلات بىر ئاتنى يېتىلەپ، بىر ئاتنى مىنىپ، سەرساندەك ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇخلىماي، يېمەك - ئىچمەكنى ئات ئۈستىدە يەپ سەنبىزارى ھەرەمگە يېتىپ

كەپتۇ. پىرئەنىنىڭ لەشكەرلىرى بىرنەچچە كۈن پىرئەندىن دېرەك ئالالماي، ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن كەركىن مىلاتنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— پىرئەن قەيەردە؟ بىز پىرئەن بىلەن كۆرۈشمىز، — دەپتۇ. كەركىن مىلات:

— بىز ئىككىمىز ئوۋغا چىققانىدۇق، ئالدىمىزدىن ئىككى توشقان چىقتى، مەن بىر توشقانغا قارچىغا سالدىم، پىرئەن يەنە بىر توشقانغا قارچىغا سېلىپ ئات چېپىپ كەتتى. مېنىڭ قارچىغام بىر توشقاننى ئالدى، توشقاننى بوغۇزلاپ، قارچىغىنى بىلىكىمگە قوندۇرۇپ پىرئەننى ئىز-دەپ بارسام، پىرئەننىڭ ئېتىنىڭ ئېگىرى ئاتنىڭ قارنىدا تۇرۇپتۇ، پىرئەن يوق، بىرنەچچە كۈن ئىزدەپ تاپالماي قايتىپ كەلدىم، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پىرئەننىڭ لەش-كەرلىرى:

— سەن پىرئەننى قەستلەپسەن ! — دەپ كەركىن مىلاتنى باغلاپ خۇسرەۋنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

پىرئەننىڭ ئاتىسى كەيسۇ سالار، ئانىسى كەرشەش بانۇ پىرئەننى سېغىنىپ كۆپ يىغلاپ يولغا چىقىپ قاراپ تۇر-غانىكەن، يىراقتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپتۇ، پىرئەن باشلاپ كەتكەن ئون ئىككى مىڭ لەشكەر كۆرۈنۈپتۇ. لەش-كەرلەر ئۇلارغا يېقىن كەپتۇ، قارىسا، بىر ئادەمنىڭ قولى باغلانغان، لەشكەرلەر قارىلىق كىيىم كىيگەنىكەن. كەرشەش بانۇ ئۇلاردىن نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— پىرئەن بارغان كۆنى توخگۆزلارنى ئۆلتۈرگەنىدى. بۇ كەركىن مىلات پىرئەننى چايغا تەكلىپ قىلىپ شەھەرگە ئەكىرىپ كەتكەنىدى، پىرئەن شەھەردىن چىقمىدى. پىرئەننى سۈرۈشتۈرۈپ سورىساق، كەركىن مىلات: «ئۇۋغا چىققاندا پىرئەن قارچىغىسىنى توشقانغا سالغان، ئارقىدىن بارسام، ئىگەر ئاتنىڭ قارنىدا تۇرۇپتۇ، ئۆزى يوق، تاپالمىدىم» دەيدۇ. بۇنى باغلاپ ئەكەلدۇق، — دەپتۇ لەشكەرلەردىن بىرى. كەيسۇ سالار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ زىرىزىبەر بولۇپ:

— ئەي كەركىن، توخگۆزلارنى كىم ئۆلتۈردى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— توخگۆزلارنى مەن ئۆلتۈردۇم، پىرئەننىڭ كۆچى يەتمىدى، — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ كەركىن مىلات.

كەيسۇ سالار كەركىن مىلاتنى خۇسرەۋ ئالدىغا ئىلىپ كىرىپتۇ. شاھ خۇسرەۋ:

— ئەي كەركىن مىلات، توخگۆزلارنى كىم ئۆلتۈردى؟ — دەپ سوراپتۇ. كەركىن مىلات:

— توخگۆزلارنى مەن ئۆلتۈردۇم، — دەپتۇ.

— توخگۆزلارنى سەن ئۆلتۈرگەن بولساڭ، ئۇنىڭ چىشىنى چىقار، — دەپتۇ شاھ خۇسرەۋ.

كەركىن مىلات پىرئەننىڭ قاپچۇقىنى قولىغا ئىلىپ شۇنچە قىلىپمۇ ئاغزىنى ئاچالماپتۇ. ئەسلىدە قاپچۇقنىڭ ئاغزىغا پىرئەن شەيتان قۇلۇپىنى سىلىپ قويغانىكەن، بۇ

قـۇلـۇپنى ئاتىسى كەيسۇ سالار بىلەن پىرئەنـدىـن ئـۆزگـە كىشى ئاچالمايدىكەن. كەركىن مىلات قۇلۇپنى ئـاچـالـماي لەت بوپتۇ.

شاھ خۇسرەۋ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يـەتـمـەك ئـۈچـۈن، كەركىن مىلاتنى ئۆلتۈرمەي زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ.

— ئەي كەيسۇ، يۈرىكىڭىزگە سەۋرنىڭ سۈيى بـىـلـەن تەسكىن بەرگەيسىز، پىرئەننى تاپقايمىز، سەۋر قىلىڭ، — دەپ شاھ خۇسرەۋ كەيسۇ سالارغا تەسەللى بېرىپتۇ.

ئەمدى گەپنى پىرئەندىن ئىشىتكەيسىز:

پىرئەن كۆسەن شەھىرىدە كۈندۈزى ئۇخلاپ، كېچىسى مەلىكە مەنشىرە بانۇ بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتـتـە كـۈنـنـى ئۆتكۈزمەكتە ئىكەن. بىر كۈنى مەلىكە ئاشپەزنى كاۋاپنى خام پىشۇرۇپسەن، دەپ قىرىق قامچا ئۇرۇپتۇ. بۇ ئـاشـپـەز قـازان ـ قومۇچلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ كوچىغا چىقـىـپـتـۇ، تاياق ئار كەپتۇ ـ دە، ئوردا ئالدىغا كېلىپ، ياساۋۇللارغا:

— ئەي ياساۋۇللار، ۋەزىر هومـانـى چـاقـىـرىـپ قـويـ-ساڭلار، زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى، — دەپتۇ.

ياساۋۇللار بۇ ئاشپەزنى تونۇيدىكەن، دەرهـال كـىـرىـپ ۋەزىر هوماغا خەۋەر قىپتۇ. ۋەزىر چىقىپ ئاشپەز بـىـلـەن مەخپىي سۆزلىشىپتۇ. «شاھ مەلىكىسى رۇستەمنىڭ نەۋرد-سى پىرئەن بىلەن راۋاق ئۈستىدە ئەيش ـ ئىشرەتتە بو-لۇۋاتقىلى ئالتە ئاي بولدى» دەپ، ئاشپەز ھەممە ئەھۋالنى ۋەزىرگە ئـاشكـارىلاپتۇ. ۋەزىر كۆسەن شاھـى هـۇزۇرىـغـا

كىرىپ تەھىيەتكە باش قويۇپ:

— ئى شاھىم، بىر خەۋەر بار، ئېيتاي دېسەم، ئۆزلىرىدىن نومۇس قىلىمەن، ئېيتماي دېسەم، بېشىمدىن قورقىمەن، — دەپتۇ. كۇسەن شاھى:

— ھەر ئىش بولسا، ئېيتىڭ، — دەپتۇ.

— ئى شاھىم، مەلىكە مەنشىرە بانۇ رۇستەمنىڭ نەۋرىسى پىرئەننى راۋاق ئۈستىدە خۇپىيانە ساقلاۋاتقىلى ئالتە ئاي بوپتۇ. قانداق پەرمانلىرى باردۇ؟ — دەپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۇسەن شاھىنىڭ غەزىپى تېشىپ، بەدەنلىرىدىكى تۈكلىرى كىيىملىرىدىن تېشىپ چىقىپتۇ ۋە:



— پالۋانلار دەرھال تۇتۇپ چىقسۇن ئۇ نائەھلىنى ! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

— بۇ ئىشقا ئالدىراقسانلىق قىلساق بولماس، — دەپ سۆز باشلاپتۇ كۇسەن شاھىنىڭ ۋەزىرى، — پىرئەن ئىراندا رۇستەمدىن قالسا، بىسيار پالۋاندۇر. بۇ ئىشقا شاھزادە گەرسوزنى بۇيرۇيلى، ئۇ راۋاق ئۇستىگە چىقسا، ھېچكىم توسۇيالمايدۇ. پىرئەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن بولۇپ، بېلىدىن مەھكەم تۇتۇپ قويۇپ بەرمەي تۇرسا، ئارقىدىن پالۋانلار چىقىپ پىرئەننى زەنجىرلىسە، — دەپتۇ.

كۇسەن شاھى ۋەزىر ھومانىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق كۆرۈپ، گەرسوزنى چاقىرىپ ئەھۋالنى ئۇچۇق ئۇقتۇرۇپ، پىرئەننى تۇتۇش ئۇچۇن راۋاققا بۇيرۇپتۇ.

گەرسوز راۋاق ئۇستىگە چىقىپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە بىلەن پىرئەن بىر - بىرىنىڭ بويىنغا گىرە سېلىشىپ يېتىشقانىكەن. مەلىكە ئاكىسى گەرسوزنىڭ راۋاققا چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ پىرئەننىڭ قۇچىقىدىن چىقىپتۇ. مەلىكە:

— بۇ مېنىڭ ئاكام گەرسوزدۇر، — دەپ پىرئەنگە ئاكىسىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. پىرئەن:

— مەن بىلمەپتىمەن، — دەپ گەرسوز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ قۇچاقلاشقاندا، گەرسوز پىرئەننىڭ بېلىنى مەھكەم سىقىۋاپتۇ. پىرئەن شۇ چاغدا گەرسوزنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشقا كەلگەنلىكىنى بىلىپ، گەرسوزنىڭ بېلىنى

قاتتىق سىقىپ، ھەر تەرەپتىن ئىككى تالدىن تۆت تال قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇپ ئىچىگە پۇكۇۋەتسىمۇ، گەرسىز پىرئەننى قويۇپ بەرمەپتۇ. شۇ ھالەتتە پالۋانلار كېلىپ پىرئەننى يىقىتىپ زەنجىرى خىزلام بىلەن باغلاپ، كۇسەن شاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ.

— ئەي پىرئەن، — دەپتۇ كۇسەن شاھى، — سەن ئوتتۇز ئالتە ئەلنىڭ شىرلىرىدىن قورقماي شەھىرى كۇسەنگە قەدەم قويۇشقا قانداق پېتىندىڭ؟ !

— ئى كۇسەن شاھى، سەن مېنى ھىيلە بىلەن تۇت-تۇڭ، ئەر بولساڭ، مېنى قويۇپ بېرىپ ئاندىن باغلا، ھازىرمۇ ئۆزۈمنى زامان شىرى چاغلايمەن، — دەپتۇ پىرئەن.

كۇسەن شاھى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپ ئاتەشلىرى چۇمبۇشقا كېلىپ: «جاللات ! ! !» دەپ چاقىرىپتۇ. شۇ زامان جاللاتلار:

— ئى شاھىم، كىمنىڭ ئەجەل مۆھلىتى توشتى؟ — دەپ تەخ بولۇپ تۇرۇپتۇ.

— بۇ بىئەدەپنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار ! — دەپ بۇيرۇپتۇ كۇسەن شاھى.

جاللاتلار پىرئەننى ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر ھوما كىرىپ كەپتۇ. ۋەزىر ھوما جاللاتلارغا، پىرئەننى مۇشۇ جايىدىن مىدىرلاتماي تۇتۇپ تۇرۇڭلار، مەن شاھ ھۇزۇرىغا كىرىپلا چىققايمەن، دەپ پىرئەننى توختىتىپ قويۇپ كۇسەن شاھىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ئى شاھىم، پەرىزەتنى ئۆلتۈرسەك، بۇ خەۋەرنى رۇستەم ئاڭلىسا، لەشكەر باشلاپ كېلىدۇ، بىزدىن پەرىزەت-نىڭ قان قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قاتتىق ئۇرۇشىدۇ. مۇبادا ئۇرۇشتا ئۇلار ئۈستۈن چىقىپ قالسا، بىزنىڭ بالا - چاقىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. مېنىڭچە، پەرىزەتنى زىندانغا سالساق، بىر يىلدىن كېيىن ئۆلتۈرسەك، — دەپ شاھقا مەسلىھەت ساپتۇ.

كۇسەن شاھى ھومانىڭ مەسلىھەتىنى توغرا كۆرۈپ، پەرىزەتنى زەنجىرى خىزلامدا باغلاقلىق پېتىچە زىندانغا تاشلاپتۇ. پەرىزەتنىڭ ئېگىزلىكىدىن بېشى زىنداننىڭ ئۈس-تىگە چىقىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زىنداننىڭ ئەتراپىنى تورلاپ، زىنداننىڭ ئاغزىغا ناھايىتى چوڭ قورام تاشنى باستۇرۇپتۇ. كۇسەن شاھى قىزى مەنشىرە بانۇنى، ياۋنى قوينۇڭدا ساقلاپسەن، دەپ ئىككى كۆزىگە زەھەر قۇيۇپ كور قىلىپ ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. مەلىكە مەنشىرە بانۇ كۇسەن شەھىرىدە تىلەمچىلىك قىلىپ تاپقان نەرسى-سىدە پەرىزەتنى بېقىپتۇ، كېچىلىرى زىندان ئۈستىنى سې-لىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ يېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر يېرىم يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

پەرىزەتنىڭ ئاتىسى كەيسۇ سالار، ئانىسى كەرشەش بانۇ پەرىزەتنى سېغىنىپ، قولىغا ھاسا ئېلىپ ئوغلىنىڭ دەردى-دە نالە قىلىشىپتۇ، شاھ خۇسرەۋنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. شاھ خۇسرەۋ: «جاھان ئەينىكىگە قاراپ پەرىزەتنىڭ بار يې-

رىنى ئەتە سىلەرگە مەلۇم قىلغايمەن» دەپتۇ. شۇ كېچە شاھ خۇسرەۋ جاھان ئەيىنىكىدىن ھەربىر ئىقلىم، ھەربىر مەملىكەتلەرگە قاراپتۇ، ئاخىر كۇسەن شاھىنىڭ مەملىكەتـ لىرىگە قاراپتۇ، پىرئەنىنىڭ كۇسەن شاھىنىڭ زىندانىدا ياتقانلىقىنى، ئۇنىڭ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانـ لىقىنى كۆرۈپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، خۇسرەۋ شاھ كەيسۇ سالارنى چاقىرتىپ پىرئەنىنىڭ ئەھۋالىنى دەپ بېرىپتۇ. كەيسۇ سالار زال ۋە رۇستەم بىلەن كۆرۈشۈپ پىرئەنىنىڭ ئەھۋاـ لىنى بايان قىپتۇ. رۇستەمنىڭ قەھر ـ غەزىپى ئېشىپ، ئۇن ئىككى مىڭ پەھلىۋانغا كۇسەنگە يۈرۈش قىلىشقا پەرـ مان قىپتۇ. رۇستەمنىڭ ئاتىسى زال:

— ئەي بالام رۇستەم، سەن كۇسەنگە مۇشۇنداق بارـ ساڭ، كۇسەن شاھى ساڭا قارىتىپ تۇرۇپ پىرئەنىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ. سەن سودىگەر سىياقىدا بېرىپ، ھىيلە بىلەن پىرئەنىنى قۇتقۇزغايسەن، — دەپتۇ.

رۇستەم ئاتىسى زالنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئوتتۇز ئۇچ مىڭ ئادەم تەييارلاپ، مال ـ ماتا ئېلىپ، «ئىسمىنى خوجا خونرىز سودىگەر»گە ئۆزگەرتىپ، ئىككى ئاي يول يۈرۈپ كۇسەن شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. كاتتا بىر سودىـ گەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابسىز مال بىلەن شەھەر قوۋۇقىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۇسەن شاھى ئاڭلاپ، ئۆلارنىڭ يېـ نىغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. شاھىنىڭ ياساۋۇللىرى خوجا خونرىز

بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. خوجا خونرىز، كۇسەن شاھى شەھىرىگە كىرىپ مال سېتىشىمغا ئىجازەت بەرسە، دەپتۇ. بۇ خەۋەر-نى ياساۋۇللار كۇسەن شاھىغا مەلۇم قىپتۇ. كۇسەن شاھى، شەھەرنىڭ ئوبدانلىقى سودىگەر بىلەن بولىدۇ، شەھەرگە كىرسۇن، دەپ، سودىگەرلەرنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە ئىجا-زەت بېرىپتۇ.

رۇستەم شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ بولۇپ، كۇسەن شاھى بىلەن كۆرۈشمەكچى بوپتۇ. ئۇ كۈنى كۇسەن شاھى مىڭئۆي ۋادىسىدا سەيلە قىلىۋاتقانىكەن. سودىگەر سىياقى-دىكى رۇستەم سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ مىڭئۆيگە كەپ-تۇ. كۇسەن شاھى رۇستەمنى قوبۇل قىپتۇ ۋە رۇستەم ئۇچۇن كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. كۇسەن شاھى شاراب ئى-چىپ مەست بولۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا كۇسەن شاھىنىڭ دەرياغا قاراپ ئولتۇرۇش ئۇچۇن ئورناتقان تۆمۈر تۇۋرۇكى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. كۇسەن شاھى دەرياغا بېشچە چۈشۈپ كېتەي دېگەندە، رۇستەم كۇسەن شاھىنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ بىر تەرەپكە ئېلىپ قويۇپ، خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. كۇسەن شاھى ئەتىسى مەستلىكتىن يېشىلىپ، مېنى زالنىڭ ئوغلى رۇستەمدىن باشقا ئادەم يەردىن ئۇ-زەلمەيتتى، سودىگەر مېنى كۆتۈرۈپ بۇ تەرەپكە ئېلىپ قويدى. بۇ سودىگەر ئەسلى زالنىڭ ئوغلى رۇستەممۇ، قانداق، دېگەنلەر كۆڭلىدىن كېچىپ، ۋەزىرى ھوماغا:

ـــ ئەي ھوما، تۈنۈگۈن خوجا خونرىز دېگەن سودىگەر

مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتىكەن. تۆت يۈز يىلدىن بېرى مىدىرلىمىغان تۈۋرۈك ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى، دەرياغا بېشىمچە چۈشۈپ كېتەي دېگەندە، خونرىز دېگەن سودىگەر يۈتۈمدىن تۇتۇپ تارتىپ بىر تەرەپكە ئېلىپ قويدى. بۇ سودىگەردە بىر گەپ بار، — دەپ، ۋەزىر ھومانى ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر ھوما ئەتىسى ئورنىدىن چىقىپ خوجا خونرىزنىڭ چۈشكەن سارىيىغا بارسا، خوجا خونرىز بىر ئوغلاقنى قان قىلىپ ئولتۇرغانىكەن. ھوما ۋەزىر سىنچىلاپ قارىغان بولسىمۇ، رۇستەمنى تونۇيالماپتۇ، چۈنكى رۇستەم ساقال - بۇرۇتلىرىنى چۈشۈرۈپ، يۈزىنى قارا رەڭدە بويىۋالغانىكەن.

— ئەي ۋەزىرئەزەم، ئەتە دۇكان ئېچىشقا رۇخسەت قىلساڭلار، دۇكان ئېچىپ مال ساتسام، — دەپتۇ رۇستەم. ۋەزىر ئۇنىڭ مال سېتىشىغا رۇخسەت قىپتۇ.

ئەتىسى رۇستەم دۇكان ئېچىپ مال سېتىشقا باشلاپتۇ. رۇستەم دۇكانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىلىگەنلەرگە بىر ئوچۇمدىن تىللا بېرىپتۇ. بىر سائىل مەلىكە مەنشىرە بانۇغا:

— ئەي مەلىكە، ئىراندىن بىر سودىگەر كەپتۇ، تىلەپ كەلگەن سائىللارغا بىر ئوچۇمدىن تىللا بېرىدىكەن، — دەپتۇ. مەلىكە:

— سەن مېنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويساڭ، — دەپتۇ. سائىل مەلىكىنى رۇستەم ئاچقان دۇكانىنىڭ ئالدىغا

ئاپىرىپ قويۇپتۇ. مەلىكە دۇكان ئالدىدا تۇرۇپ تىلەپتۇ، رۇستەم قارىسا، مەلىكە سۇپەت بىر قىز تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن رۇستەم خىزمەتكارلىرىغا، بۇ قىزنى مېنىڭ خاس ئۆيۈمگە ئېلىپ كىرىڭلار، دەپتۇ. خىزمەتكارلار مەلىكە مەنشىرە بانۇنى رۇستەمنىڭ خاس ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپ-تۇ. رۇستەم مەلىكە مەنشىرە بانۇنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— سىز شۇنچە ياش تۇرۇپ، قانداق قىلىپ ئىككى كۆزىڭىز كور بولۇپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپتۇ ۋە:

— ئەي سودىگەر، سىز نەدىن بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئىراننىڭ سەستان دېگەن يېرىدىن بولىمەن، — دەپتۇ رۇستەم.

— رۇستەمنى بىلەمسىز؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— رۇستەم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۆيى يېقىن، كۈندە بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشىمىز، — دەپتۇ رۇستەم. مەلىكە:

— ئەي سودىگەر، ئىراندىكى رۇستەمگە يەتكۈزۈپ قو-يىدىغان بىر ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى. سىز قايسى دىن، قايسى مەزھەپتىن بولۇڭ، ئۆزىڭىزنىڭ دىنى ئۈستىدە قەسەم قىلسىڭىز، بۇ سۆزۈمنى دەيمەن، — دەپتۇ. رۇستەم:

— سۆزىڭىز بولسا ئېيتىڭ، مەن رۇستەمگە يەتكۈز-گەيمەن، — دەپ قەسەم قىپتۇ.

— ئەي سودىگەر، رۇستەمنىڭ نەۋرىسى پىرئەن كۇسەنگە كەلگەنىكەن، بىز ئىككىمىز تېپىشىپ قالدۇق. پىرئەننى يېنىمدا ئالتە ئاي ساقلىدىم. دۇشمەنلەر شاھ ئاتامغا مەلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن پىرئەننى زىندانغا تاشلىدى، مېنىڭ ئىككى كۆزۈمنى كور قىلىپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى. بىر يېرىم يىل بولدى، پىرئەننى نان تىلەپ بېقىۋاتىمەن. ھازىر پىرئەن بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. ئەي سودىگەر، سىز بېرىپ رۇستەمگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ، قىرىق كۈن ئىچىدە پىرئەننى قۇتقۇلدۇرۇۋالمىسا، دىدار قىيامەتكە باقىي قالىدۇ، — دەپ، مەلىكە بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

رۇستەم كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ، مەلىكىگە:

— ئەي قىزىم، سىز دېگەن رۇستەم مەن بولىمەن، پىرئەننى قۇتقۇزۇپ، ئىككىڭلارنى ئەكېتىشكە كەلدىم. ئەي بالىلىرىم، ئەمدى غەملىك كۇنۇڭلار شادلىققا ئايلىنىدۇ. سىلەرنى ئىرانغا ئەكېتىمەن. ياخشى تاماق يەپ تويۇنۇڭ، ئاندىن كېيىن ئىش باشلىغايمىز، — دەپتۇ. مەلىكە:

— پىرئەن ئاچ تۇرسا، مېنىڭ گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدۇ. ئالدى بىلەن پىرئەنگە تاماق ئاپىرىپ بېرەي، بىر يېرىم يىلدىن بېرى تويغۇچە تاماق يېمىدى، — دەپتۇ.


رۇستەم دەرھال بىر غازنىڭ كاۋىپىنى تەييارلاپ، ئىچىگە ئۆزىنىڭ ئۈزۈكىنى تىقىپ قويۇپتۇ. ئىسسىق ناندىن ئوننى داستىخانغا يۆگەپ، مەلىكىنىڭ ئىككى يانچۇقىغا

تىللا قۇيۇپ تۇشقۇزۇپ:

— ئەي قىزىم، كۇچىدىن ئىككى ئىشەك ئۇتۇن ئې-لىپ زىندان بويىغا ئوت قالاپ ئولتۇرغايسىز، بىز يېرىم كېچىدىن كېيىن ئوت شولىسىدىن زىنداننى تېپىپ پىر-ئەننى قۇتقۇزغايمىز، — دەپ، كاۋاپ، نانلارنى خىزمەتچى-لىرىگە كۆتۈرگۈزۈپ مەلىكىنىڭ ئارقىسىغا ساپتۇ.

مەلىكە بىر تىللاغا ئىككى ئىشەك ئۇتۇن ئېلىپ زىنداننىڭ قېشىغا ئاپىرىپتۇ. مەلىكە كاۋاپ، ئىسسىق نانلارنى زىندانغا تاشلاپتۇ. پىرئەن نان بىلەن كاۋاپنىڭ ھىدىنى ئېلىپ، مەلىكىگە:

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سەن ماڭا قاتتىق نان ئە-كېلەتتىڭ، بۈگۈن بۇ كاۋاپ، نانلارنى نومۇسۇڭنى سېتىپ تاپتىڭمۇ؟ — دەپ زار - زار قاقشاپتۇ.



مەلىكە پىرئەنگە بولغان ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. پىرئەن بۇ سۆز-لەرنى ئاڭلاپ، قول - پۇتلىرىدىكى زەنجىرلەرنى پارە - پارە قىپتۇ. غار كاۋىپىنى قولىغا ئېلىپ قارىسا، دادىسىنىڭ «رۇستەم ئىبنى زال»

دېگەن ئۆزۈكى تۇرۇپتۇ، بۇنى كۆرۈپ پەرىئەنىڭ زىنداندىن قۇتۇلۇشقا تاقىتى تاق بوپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپ جاھان قارا لىباسىنى كىيگەندىن كېيىن، رۇستەم ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى مەلىكە ياققان گۈلخانىنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ زىندانىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەپتۇ. رۇستەم بىللە كەلگەن ئادەملىرىگە:

— مەن يول توسۇپ تۇراي، سىلەر زىندانىنىڭ ئاغزىدىكى تاشنى ئېلىپ پەرىئەنى زىنداندىن چىقىرىڭلار. مۇبادا كۇسەن شاھى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بولسا، ئارقىمىزدىن كېلىپ بىزنى نابۇت قىلىدۇ، كۇسەن شاھىغا مەندىن باشقا ئادەم باراۋەر تۇرالماس، شۇڭا سىلەر بۇ ئىشنى تېز بەجا قىلىڭلار، — دەپتۇ.

ئوتتۇز ئۈچ مىڭ ئادەم كۈچەپمۇ زىندان ئاغزىدىكى تاشنى مىدىرلىتالماپتۇ، ئاخىر رۇستەمگە مەلۇم قىپتۇ. رۇستەم ئات يۈگۈرتۈپ كېلىپ، پولات ئۆتۈك بىلەن تاشنى شۇنداق بىر تەپكەنىكەن، زىندان ئاغزىدىكى تاش ئىككى پارە بولۇپ، بىر پارچىسى دۆڭمەلىكە، يەنە بىر پارچىسى بىجاققا چۈشۈپتۇ. تاشلارنىڭ يەرگە چۈشكەن ئاۋازىدىن كۇسەن شاھى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. چاپارمەن بۇيرۇپ، ئىشتىن خەۋەر تېپىپتۇ. رۇستەم پەرىئەنگە:

— ئەي بالام پەرىئەن، ئىرانغا بارساڭ، كەركىن مىلاتنى نېمە قىلۇرسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىرانغا بارسام، كەركىن مىلاتنى بىر قىلىچ بىلەن ئىككى پارە قىلۇرمەن، — دەپتۇ پەرىئەن. رۇستەم:

— ئەي بالام، سەن زىنداندا قالغىن، مەن كېتىمەن، — دەپتۇ رۇستەم.

— نېمە ئۈچۈن مېنى تاشلاپ كېتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ پەرىئەن.

— كەركىن مىلاتنى ئۆلتۈرمەن دەيسەن، بالام، ياخشىلىققا ياخشىلىق هەر كىشىنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشى، شۇڭا سېنى تاشلاپ كېتىمەن، — دەپتۇ رۇستەم. پەرىئەن قىلغان سۆزىگە پۇشايمان قىپتۇ ۋە كەركىن مىلاتنىڭ يۈزىگە سالماسلىققا ۋەدە قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن رۇستەم پەرىئەننى زىنداندىن تارتىۋېلىپ، پەرىئەن بىلەن مەلىكىنى ئون ئىككى مىڭ ئادەم بىلەن دەرهال ئىرانغا يولغا سېپتۇ، ئۆزى ئارقىدا مېڭىپتۇ. كۇسەن شاهى بىهېساب لەشكەر بىلەن قوغلاپ كېلىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز جەڭ قىپتۇ. رۇستەم ئارقىغا چېكىنىپ، يانا - ياخىر شەهەر سىرتىغا چىقىپتۇ. رۇستەمنى كۇسەن شاهى يېڭىپ، ئۆلتۈرىدىغان چېغىدا، رۇستەمنىڭ ئوغلى ئىبىل غېيىپ رۇستەمنى قۇتۇلدۇرۇپ ئەپقېچىپ كېتىپتۇ. پەرىئەن يەتتە يىل كۆھىقاپ ئەتراپىدا يۈرۈپ، شىپا بۇلىقىنىڭ كۆپۈكىنى ئاچىقىپ مەلىكىنىڭ كۆزىگە سۈۋاپتىكەن، مەلىكىنىڭ كۆزى ئېچىلىپ ئەسلىگە كەپتۇ. مەلىكە مەنشىرە بانۇ پەرىئەن بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېجىل - ئىناق بولۇپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.


# سېھرىلىك ئالما

بۇرۇن بۇرۇندا، تېرىق تۇلۇمدا، يېتىم بۇلۇڭدا، ئوچاق كۇلۇڭدا بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، شەھەرگە يىراق يېز-نىڭ چېتىدە بىر يېتىم بالا بولغانىكەن. ئۇ ئۆز يۇرتىدا قانچە ئىشلىسىمۇ قورسىقى تويغۇدەك غىزا، ئۇچىسى ئىسسىغۇدەك كىيىمگە ئېرىشەلمەپتۇ، ئاخىر، كونىلار: «يەردىن يەرگە سائەت» دەپتىكەن، مەنمۇ بۇ يۇرتتىن باشقا يۇرتلارغا يۆتكىلىپ باقاي، دېگەن يەرگە كەپتۇ ـ دە، باشقا يۇرتقا قاراپ مېڭىپتۇ.

يېتىم بالا ئۇندا ئىشلەپ، بۇندا كەچلەپ دېگەندەك، يۇرت ئارىلاپتۇ، لېكىن ھەممە يەردە «قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» بولغاچقا، بارغان يېرىنىڭ ھېچبىرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەپتۇ. شۇڭا، ئۇ سەپىرىنى توختاتماي داۋام قىلىۋې-رىپتۇ. ئۇ يول يۇرۇپ، يول يۇرگەندىمۇ مول يۇرۇپ، ئارى-دىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، بىر ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ ئارام ئېلىپ، سۇ ئىچىپتۇ. كۈمۈشتەك سۈزۈك، ھەسەلدەك شېرىن بۇ سۇ يىگىتنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قاپتۇ، يۈز ـ

كۆزىنى يۇيۇپ، ئۆزىنى سەگىتكەندىن كېيىن، بىلىدىكى پوچۇق نانىنى ئېلىپ سۇغا چىلاپ يېيىشكە باشلاپتۇ. بۇ چاغدا سۇدىن يىگىتنىڭ ئالدىغا بىر ئالما ئېقىپ كەپتۇ. يىگىت ئۇنى ئاپتۇ، قارىسا، چىرايلىق قىزىرىپ پىشقان ئالما. يىگىت كۆپ ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئالمىنى يەپ قويۇپ-تۇ، كېيىن قولىنى چايقاپ ئولتۇرۇپ، بۇ ئالمىمۇ ماڭا ئوخشاش بىر بىچارە غېرىبنىڭ ئاران تاپقان ئوزۇقى بول-غىيدى، ئۇ بۇنى يىتتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى نەلەردە قاقشاپ يۈرگەندۇ؟ مەن ئالمىنى ئەجەب ئويلىماي يەپ قويۇپتىمەن، ھېلىھەم ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات قىلىپ، ئالمىنىڭ ئىگى-سىنى تاپاي ـ دە، ئالمىنى يەپ قويغانلىقىمنى ئېيتىپ، رازىلىقىنى ئالاي، دەپ ئويلاپتۇ. ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېرىق ياقىلاپ ئالما ئېقىپ كەلگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ماڭا ـ ماڭا، قىرلاردىن ئېشىپتۇ، بەل ـ پۈتى تېلىپتۇ، لېكىن ئارام ئالماي ئاخىر ئېرىقنىڭ بېشىغا بېرىپتۇ، قا-رىسا، بۇ ئېرىق چوڭ بىر باغنىڭ شورىسىغا بېرىپ تاقى-لىپتۇ. يىگىت باغنى ئايلىنىپ قارىسا، يېقىن ئەتراپتا بۇ باغدىن باشقا ھېچنېمە يوق. يىگىت، مەن يېگەن ئالما مۇ-شۇ باغنىڭ ئالمىسى بولسا كېرەك، باغقا كىرىپ باغۋەننىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ كېتەي، دېگەن نىيەتكە كېلىپ، باغنىڭ ئىشىكىگە قەدەم بېسىپتۇ، باغقا كىرىپ قارىسا، ساقىلى سۈتتەك ئاقارغان، مەڭزى ئالمىدەك قىزىل، ئوتتۇرا بوي بىر دېھقان قولىدىكى كەتمىنىنى ئېرىقتا چايقاپ تۇرغۇ-

دەك. يىگىت ئاقساقال كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بېرىپتۇ. سالامنى ئىلىك ئالغان دېھقان:



— ئوغلۇم، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ بۇ يەرلەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپتۇ ۋە بالىغا سىنچىلاپ قاراپ چىقىپتۇ.

يىگىت ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىرقۇر بايان قىلىپ كېلىپ، ئالمىنى ئېرىقتىن سۈزۈۋېلىپ يەپ قويغاندىن كېيىنكى پۇشايمىنىنى ۋە ئالمىنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ رازىلىق ئېلىش ئۈچۈن كۈن بويى يول مېڭىپ بۇ تەرەپكە كەلگىنىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بالىنىڭ گېپىنى قىزىقىپ ئاڭلىغان دېھقان يىگىتنىڭ ساپ كۆڭلىگە قايىل بولۇپ، بۇ يىگىتنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىۋالماقچى بوپتۇ ۋە بۇ مەقسەتنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئويلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم، بۇ گېپىڭنى ئاڭلىغان باغۋەن سېنىڭدىن رازى بولماي تۇرالمىدۇ! بىراق، ئالمىنى پەرۋىش قىلغان ئادەم ئۈچۈن بۇ سۆز كۇپايە قىلمايدۇ.

— ئەگەر ئۇ كىشى مېنىڭ ئۆزرەمنى قوبۇل قىلمى-
سا، ئۇنىڭ بەدىلىگە مەندىن قانداق ئىش تەلەپ قىلسا،
شۇنى قىلىپ بېرىپ، رازىلىقىنى ئېلىشقا تەييارمەن، —
دەپتۇ يىگىت.

— بەللى، ئوغلۇم، مۇرادىڭغا يەت ! — دەپتۇ دېھقان، —
سەن سۇدىن سۈزۈپ ئېلىپ يېگەن ئالما ئەسلىدە مېنىڭ
يالغۇز قىزىمنىڭ خاھىشى بويىچە ئۆستۈرۈلگەن ئالما ئى-
دى. مېنىڭ ئۇ قىزىمنىڭ قولى تۇتماس، پۇتى باسماس،
كۆزى كۆرمەس، بېشى تاز بولغانلىقى ئۈچۈن، باغنىڭ مې-
ۋىسىنى ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرەتتىم. بۇگۇن سەن يېگەن ئال-
ما ئەسلىدە شۇ قىزىمغا ئاتاپ خىللاپ ئۈزۈلگەنىدى. مەن
ئۇنى ئېلىپ ئېرىقتىن ئاتلىغاندا، ئالما قولۇمدىن سۇغا
چۈشۈپ كەتتى، قولۇمنى بوشىتىپ تۇتقۇچە ئالما سۇدا
ئېقىپ كەتتى. گېپىڭگە قارىغاندا، ئۇ ئالما ساڭا نېسىپ
بوپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەنغۇ بايىلا رازى بولغانىدىم، بىراق
نېسىۋىنىڭ ئىگىسى بولغان قىزىم تېخى بۇ گەپنى ئاڭلى-
مىدى. مەن قىزىمغا سېنىڭ ئىلتىماسىڭنى ئېيتاي، سې-
نىڭ شۇنچىلىك يولنى رازىلىق ئېلىش ئۈچۈن بېسىپ
كەلگىنىڭنى ئاڭلىسا، ئۇمۇ رازىلىق بېرەر...

دېھقان سۆزىنى شۇ يەردە تاماملاپ ئۆيىگە كىرىپ
كېتىپتۇ. خېلىدىن كېيىن چىقىپ، يىگىتكە:

— قىزىم: «شۇ يىگىت ئېغىر كۆرمىسە، مېنى ئۆز
نىكاھىغا ئېلىپ، باغنى بىر ئايلاندۇرسا رازى بولاي»

دېدى، ـــ دەپتۇ.

يىگىت قىزنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىپ، باغنى ئايلاندۇرۇشقا رازى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقان بالىنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، يىراق - يېقىندىكى تۇغقانلىرىنى يىغىپ، توي قىلىپ قىزنى بېرىپتۇ. نىكاھتىن كېيىن يىگىت قىز بار ئۆيگە كىرسە، ئۆينىڭ تۆرىدە ئايدىن چىرايلىق، كۈندىن نۇرلۇق، پەرىزاتتەك بىر قىز ئولتۇرغۇدەك. ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنى كۆرگەن يىگىت، مەن ئېزىپ قېلىپ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالغان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ، ئارقىسىغا يېنىپتىكەن، قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

ـــ كېچىدە مېنى يالغۇز تاشلاپ نەگە بارىسىز؟ ـــ دەپتۇ. خىجالەتچىلىكتە قالغان يىگىت يەردىن ئۈستۈن قارىماي تۇرۇپ:

ـــ ئۆز ئۆيۈمگە، ـــ دەپتۇ.

ـــ ئۆز ئۆيىڭىز مۇشۇ، ـــ دەپتۇ قىز، ـــ مەن سىزنىڭ نىكاھلاپ ئالغان جۈپتىڭىز.

ـــ سىز راستىنلا دېھقاننىڭ قىزىمۇ؟ ـــ دەپتۇ يىگىت كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەن ھالدا قىزغا قاراپ.

ـــ ھە...ئە، ـــ دەپتۇ قىز.

ـــ ئۇنداق بولسا، دادىڭىز يالغانچىكەن، مېنى ئالداپتۇ، ـــ دەپتۇ يىگىت.

ـــ دادام سىزنى نېمىدەپ ئالدىدى؟ ـــ دەپتۇ قىز.

— قىزىمنىڭ قولى تۇتماس، پۇتى باسماس، كۆزى كۆرمەس، بېشى تاز دېگىنى ئالدىغىنى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ يىگىت قىزغا ئەجەبلىنىپ قاراپ.

— دادامنىڭ ئۇ گېپى سىزنى ئالدىغانلىقى ئەمەس، ئۇ سۆزدە سىر بار، — دەپتۇ قىز.

— مەن بۇ گەپتىن ھېچنېمە چۈشىنەلمىدىم، بۇ قانداق گەپ؟ — دەپتۇ يىگىت.

— ئۇ سىر مېنىڭ ئىشىمغا تالىق، — دەپتۇ قىز، — دادامنىڭ مېنى تاز دېگىنى — بېشى بوش دېگىنى؛ كۆزى كۆرمەس دېگىنى — نامەھرەمنى كۆرمىدى دېگىنى؛ قولى تۇتماس دېگىنى — باشقىلارنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتمىدى دېگىنى؛ پۇتى باسماس دېگىنى — يامان يولغا ماڭمىغان دېگىنى.

يىگىت قىزنىڭ كۆڭلىنىڭ ساپلىقىغا، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە، دېھقان بوۋاينىڭ ئەقلىگە ھەيران بولۇپ، قالغان ئۆمرىنى شۇلار بىللە ئۆتكۈزۈپتۇ.

# قازىنىڭ تەدبىرى

قەدىمكى زاماندا بىر كىشى سەپەرگە چىقماقچى بو-لۇپ، ئائىلە مال - مۈلۈكلىرىنى شۇ يېزىدىكى بىر موللامغا ئامانەت قويۇپتۇ. ئۇ كىشى سەپەردىن قايتىپ كې-لىپ، موللامدىن مال - مۈلۈكلىرىنى تەلەپ قىلسا، موللام تېنىۋاپتۇ، ھەتتا موللام ئۇ كىشىنى يالغانچى قى-لىپ قەسەم ئىچىپتۇ. مال ئامانەت قويغۇچى كىشى قازى-نىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. قازى ئويلىنىپ كۆرۈپ:

— بۇ گەپنى ھېچقانداق كىشىگە ئېيتمىغىن، مال - مۈلۈكلىرىڭنى ئېلىپ بېرىشكە بىر چارە ئىزدەپ باقاي، — دەپتۇ.

ئەتىسى قازى موللامنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— مېنىڭ ئالدىمغا كېلىدىغان دەۋاگەر كۆپىيىپ كەتتى، ئۆزۈم يالغۇز ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالدىم. سىنى ئۆزۈمگە ياردەمچى قازى قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم، چۈنكى

سەن ناھايىتى ئىنساپلىق ئادەمسەن، ــ دەپتۇ. موللام نا-
ھايىتى خۇرسەن بولۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. قازى موللامنى
ئۆيىگە يولغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن، مال ئامانەت قويـ-
غۇچى كىشىنى چاقىرتقۇزۇپ كېلىپ:

ــ سەن ئەمدى بېرىپ مال - مۈلكۈڭنى موللامدىن
تەلەپ قىلغىن، قايتۇرۇپ بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ــ
دەپتۇ. ئۇ ئادەم موللامنىڭ قېشىغا كەلگەنىكەن، موللام
ئۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ كېلىڭ، كېلىڭ، ئىلگىرى مال ئامانەت قويغىنىڭـ-
ىزنى يادىمدىن چىقىرىپ قويغانىكەنمەن، بۈگۈن بىر كۈن
ئويلاپ يادىمغا چۈشتى، ــ دەپ ئامانەت قويغان پۈتۈن





مۇلكىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن موللام ياردەمچى قازى بولۇش ئۈمىدىدە قازىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. قازى ئۇنىڭغا:

— بۈگۈن مەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغانىدىم، پادىشاھ ساڭا چوڭ مەنسەپ بېرىشنى مەسلىھەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى. خۇداغا شۈكۈر قىلىپ تۇرساڭ، زور مەرتىۋىگە ئېرىشىدىغاندەك تۇرىسەن. ئەمدى مەنمۇ ياردەمچى قازىلىققا باشقا ئادەم ئىزدەيدىغان بولدۇم، — دەپتۇ.

موللام شۇنىڭدىن باشلاپ چوڭ مەنسەپنىڭ تەمەسىدە، پادىشاھنىڭ نەزەرىگە ئېلىنىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىپتۇ.

# كۆڭلەك

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، قۇدرىتى زور، بايلىقى ھەددى ـ ھېسابسىز ئىكەن، بىراق ئۇ ئۆزىنى پەقەتلا بەختلىك ھېس قىلمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن بىر ئاقسا-قال بوۋايدىن قانداق قىلغاندا بەختكە ئېرىشكىلى بولىدى-غانلىقىنى سوراپتۇ. ئاقساقال پادىشاھقا:

— بەخت دۇنيادا ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئەڭ قىيىن نەرسە، لېكىن مەن تېپىشنىڭ يولىنى بىلىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنى تېپىشنىڭ يولى قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— بۇ ناھايىتى ئاسان، سىز بەختلىك كىشىنىڭ كۆڭلىكىنى كىيسىڭىزلا كۇپايە.

پادىشاھ ئۇ كىشىگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيت-تىپ، بەختلىك كىشىنى تېپىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ سە-پەرگە ئاتلىنىپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەللەرنى ئارىلاپ، ئۇ يەرلەردىكى پادىشاھ، ۋەزىر، سودىگەر، بايلارنى زىيارەت

قىپتۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئاخىر ئۆز مەم- لىكىتىگە قۇرۇق قول قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ بىر دېھقاننىڭ ئېتىزلىقتا كۆڭلەكمۇ كىيمەي ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ دېھقان بىر تە- رەپتىن ئىشلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن خۇشال ناخشا ئېي- تىۋاتقۇدەك. پادىشاھ ئۇنىڭ چىرايىدا غەم - قايغۇدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭدىن:

— بۇرادەر، سەن بەختلىكمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنداق، مەن ناھايىتى بەختلىك، — دەپتۇ دېھقان كۈلۈپ.





— سەن پادىشاھ بولۇشنى خالايدىغانسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— مەن بۇ ئىشنى ئەزەلدىن ئويلاپ باققان ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دېھقان.

— ئۇنداقتا، — دەپتۇ پادىشاھ، — كۆڭلىكىڭنى ماڭا سېتىپ بەرسەڭ، قانداق؟

— كۆڭلەك؟ — دەپتۇ دېھقان ھەيران بولۇپ، — مەندە ئەسلا كۆڭلەك يوق.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ بەخت ھەققىدە پىكىر قىلىشقا باشلاپتۇ. ئويلىنىشقا باشلاپتۇ.

# خوجا سېيىم

قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن، ئۇنىڭ دۇنيالىقتا ئارزۇلۇق بىرلا قىزى بار ئىكەن. پادىشاھ قىزى ئۈچۈن كېچەيۇ كۈندۈز سەدىپارە ئىكەن. بىر كۈنى قىز كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قاپتۇ. شۇ شەھەردىكى قانچە - قانچىلىغان تېۋىپلار بۇ قىزنى داۋالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ساقايماپتۇ. قىزنىڭ غېمىدە پادىشاھنىڭ بېشى قېتىپ، ۋەزىر ۋە مۇنەججىملىرى بىلەن بۇ توغرىدا مەسلىھەتلىشىپتۇ. پادىشاھ قېشىغا يىغىلغانلاردىن:

— بۇ قىزغا قىلمىغان سەۋەبلىرىمىز قالمىدى، قىزىمنىڭ كېسىلىگە شىپا بولغۇدەك يەنە قانداق مەسلىھەتىڭلار بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

ۋەزىرلەر ھېچقانداق ئامال قالمىغانلىقىنى، ئەمدىلىكتە قوشنا خاندانلىقلاردىن ئۆلىمالارنى، ھۆكۈمالارنى تەكلىپ قىلىپ كۆرسىتىپ بېقىشنى مەسلىھەت بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، چەت يۇرتلاردىن ئۆلىمالارنى تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرۈپتۇ ۋە ئۆز ۋەزىرلىرىگە دېگەن

سۆزنى بۇ ئۆلىمالارغىمۇ بايان قىپتۇ. بىرمەھەل جىمجىت-لىقتىن كېيىن، سورۇن ئەھلى ئىچىدىن بىر مۇنەججىم ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— پېقىرلىرىنىڭ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، مەلىكىمىزنىڭ شىپا تېپىشى ھەققىدە بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— قىزىم ساقىيىدىغانلا بولسا، قانداقلا مەسلىھەتىڭ بولسا، بايان قىلىۋەر، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، — دەپتۇ. مۇنەججىم كۆڭلىگە پۈككەن پىكرىنى بايان قىلىپ:

— پادىشاھىئالەم، جانابلىرىغا مالال كەلمىسە، بىرىنچىدىن، پۇقرالارغا رەھىم قىلىپ، كەمبەغەل، يېتىم - يېسىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسىلا؛ ئىككىنچىدىن، زىندانىدىكى گۇناھكارلارنى ئازاد قىلسىلا. مانا مۇشۇنىڭ شاپائىتىدىن ياراتقان ئىگەم مەلىكىمىزگە شىپالىق بېرىپ قالسا، ئەجەب ئەمەس، — دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ.

پادىشاھ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىغا:

— قول ئاستىمدىكى پۇقرالارنىڭ ئالۋان - ياساقلىرى يەڭگىللىتىلسۇن، قېرى - چۆرى، تۇل خوتۇن، يېتىم - يېسىرلارغا خەير - ساخاۋەت قىلىنسۇن، زىندانىدىكى گۇناھكارلار ئازاد قىلىنسۇن! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

زىندانىدىكى گۇناھكارلارمۇ ئازاد قىلىنىپتۇ. گۇناھ-كارلار ئارىسىدا ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن، نۇرانە

بىر مويسېپىت بار ئىكەن، ئۇ كىشى پادىشاھقا ئەرزىم بار دەپتۇ. پادىشاھ مويسېپىتنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئور-دىغا كىرىشكە ئىجازەت بېرىپتۇ. مويسېپىت ياساۋۇللارنىڭ ھەمراھلىقىدا شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئىلتى-پات قىلىپ، مۇناسىپ ئورۇندا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. مويسېپىت-نىڭ دۇئا ـ تەكبىرىدىن كېيىن، شاھ تائام كەلتۇرۇشنى ئەمر قىپتۇ. تائامدىن كېيىن، پادىشاھ مويسېپىتتىن سوراپتۇ:

— سىز كىم بولىسىز؟ يۇرتىڭىز قەيەر؟ زىندانغا قانداق كىرىپ قالدىڭىز؟ نېمە ئەرزىڭىز بار؟

بۇ كىشى ئاھ ئۇرۇپ، بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۇزەشتى-سىنى مۇنداق باشلاپتۇ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، مەن مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ئىسمىم خوجا سىلىم. ئاتام داڭلىق باي ئىدى. ئاتام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، مىراس قالغان ماللىرىم بىلەن ئىش ـ ئوقىتىم تېخىمۇ ياخشى بولۇپ، تۇرمۇشۇم پاراۋان ئۆتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە چارباغقا سايا-ھەتكە كىردىم. گۈزەل باغدا تەنھا ساياھەت قىلىپ ئايلى-نىپ، كۆلنىڭ بويىغا كەلدىم. شۇ ھامان سۇدىن چىقتىمۇ ياكى ئاسماندىن چۈشتىمۇ، بىلمەيمەن، بەھەيۋەت، يۈزلىرى قاپقارا، چىشلىرى ئۇزۇن، ۋەھىمىلىك بىر مەخلۇق ئۆزىنى ماڭا ئۇردى، شۇنىلا بىلىمەن، قالغىنىنى بىلمەيمەن. مەن ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن، ئېسىمگە كەلگەندە كونا بىر ئۆي-

ـدە ياتىمەن. بۇ ئۆيدە ئەسكى كىگىز، سامان تەكىيىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئايالىم بېشىمدا سەدپارە بولۇپ، ئايلىنىپ يۈرەتتى. ھوشۇمغا كەلگەنلىكىمنى كۆر-گەن ئايالىم ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. مەن شۇ ھا-لەتتە يەتتە يىل يېتىپتىمەن، بارلىق مال - مۈلكۈم مېنى داۋالىتىش بىلەن تۈگەپتۇ. ئەجىلىم پۈتمىگەنىكەن، ئور-نۇمدىن تۇرۇپ، تالا - تۈزگە چىقالىغۇدەك بولۇپ قالدىم، يۇيۇنۇپ - تارىنىپ ئاللاغا ئىبادەت قىلدىم، كۆزۈم ئۇيقۇ-غا كەتتى. ئاسمانىي ئالەمدىن سەپ - سەپ بولۇپ مالائىك-لەر چۈشتى، بىر كۈرسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيدا بولدى. مەن ئالدىغا بېرىپ سالام بەردىم، ئۇ مەندىن ھال - ئەھۋال سورىدى. مەن جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئۇ:

— خوجا سېلىم، سەن ئەمدى شىپا تاپىسەن، بەقۇۋۋەت پالۋان بولىسەن. سەن تەرتۇس دېگەن شەھەرگە بې-رىپ، شۇ يەرنىڭ پادىشاھىغا ياردەملىشىپ، رۇملۇقلارغا قارشى غازات قىلغىن، — دېدى.

— خوپ، بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردىم. ئويغانسام، چۈشۈم ئىكەن. ئىپار - زەپەرنىڭ ئىللىق پۇرىقى بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. ئۆزۈم بۇرۇنقىدىنمۇ بەقۇۋۋەت بولۇپ قاپتىمەن. كۆرگەن چۈشۈمنى ئايالىمغا ئېيتىپ، ئايالىم بىلەن خەير-لىشىپ سەپەرگە چىقىپ كەتتىم.

نەچچە كۈنلەر مېڭىپ، نەچچە مەنزىللەرنى بېسىپ، تەرتۇس شەھىرىگە يېتىپ باردىم، ئوردىغا كىرىپ پادىشاھ

بىلەن كۆرۈشتۈم ۋە بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئايىمنى
بايان قىلدىم. پادىشاھ مېنى ھۆرمەت قىلىپ يۇقىرىدىن
ئورۇن بەردى، مېنى بىر قىسىم قوشۇنغا باشلىق قىلىپ
تەيىنلىدى. بىز رۇملۇقلارغا قارشى غازات قىلىش ئۈچۈن
بىرلىكتە سەپەرگە ئاتلاندۇق. نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ،
يۇرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، رۇملۇقلار ئۇستىگە يېتىپ بار-
دۇق. رۇملۇقلارمۇ بىزنى كۆرۈپ سەپ تارتىپ، بىزگە
قارشى تەييارلىنىپ تۇردى. غازات قىلىدىغان ئورنىمىزغا
يېتىپ بارغاندىن كېيىن چېدىر ـ بارگاھلىرىمىزنى تىك-
كىپ، بىزمۇ ھازىرلاندۇق. ئەتىسى جەڭ قىلىش ئۈچۈن
رۇملۇقلار ناغرا ـ كانايلىرىنى چېلىشتى. ھەر ئىككى تە-



رەپ لەكمىلىڭ لاۋۇلەشكەر بىلەن غازات مەيدانىدا سەپ تۈزۈپ تۇردى. مەيدانغا رۇملۇقلاردىن بىر باتۇر چۈشۈپ، ھەيۋە بىلەن جەڭ قىلىشقا مەرد تەلەپ قىلدى. مەن ئاتتىن چۈ-شۈپ، شاھ ئالدىغا بېرىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، جەڭ مەيدانىغا كىرىشكە ئىجازەت سورىدىم. شاھ ئىجازەت بەر-گەندىن كېيىن، مەيدانغا كىرىپ روبىرو تۇردۇم، ھەملە قىلىش نۆۋىتىنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ ئومۇتىنى ئوينىتىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانىنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ كېتىپ، مەن تەرەپكە قاراپ ھەيۋە بىلەن كېلىپ قەھرى بىلەن بې-شىمغا سالدى، مەن سۈپەر بىلەن ئۇنىڭ ئومۇتىنى رەت قىلدىم. ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئومۇتىنىمۇ شۇ تەرىقىدە ئۇردى، ھەر ئۈچىلىسىنى سۈپەر بىلەن رەت قىلدىم. نۆۋەت ماڭا كەلدى. مەن مەيدانىنىڭ بىر چېتىگە ئات چاپتۇرۇپ چىقىپ كېتىپ، قايتىپ دۈشمەنگە يۈزلەندىم. ئات چاپتۇ-رۇپ كېلىپ، ئومۇتۇم بىلەن دەرغەزەپ بولۇپ بىر ئۇرغا-نىدىم، بۇ باتۇرنىڭ سۈپەر تۇتقان قولى بەرداشلىق بېرەل-مەي، كاللىسى يانجىلىپ ئۆلدى. مەن يەنە نەرە تارتىپ دۈشمەن تەرەپتىن باتۇر تەلەپ قىلدىم. شۇ كۈنى، شۇ تە-رىقىدە يەتتە باتۇرنى ئۆلتۈردۈم. ھەر ئىككى تەرەپتە مەيداندىن قايتىش ئۈچۈن تەبلباز چېلىندى. بۇ كۈنى ھەر ئىككى تەرەپ ئارامگاھىمىزغا قايتتۇق. ئۈچىنچى كۈنى مەن يەنە مەرد تەلەپ قىلدىم. قارشى تەرەپتىن مەن بىلەن جەڭ قىلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. مەن ھامان

باتۇر تەلەپ قىلاتتىم. رۇملۇقلار شاھى ئاخىر بېشىمدىن قامچىسىنى ئايلاندۇرۇپ، ئومۇمىي لەشكىرىنى جەڭگە كىر-گۈزۈشكە ئەمر قىلدى. ھېسابسىز دۈشمەن لەشكەرلىرى ئال-دىمغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. دۈشمەن لەشكەرلىرى مېنى ئارد-غا ئالدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئارىلىشىپ، جەڭ شۇنداق قىزىپ كەتتىكى، ئەزرائىلنىڭ بازىرى چىققىپ، قانلار ئېرىق - ئېرىق ئاقتى، جەسەتلەر دۆۋىلىنىپ ياتتى. مەن قانچە جانبازلىق قىلغان بولساممۇ، دۈشمەن مۇھاسىرىسىدە قالدىم، تەرەپ - تەرەپتىن كامان تاشلاپ، ئاتتىن يىقىتىپ مېنى ئەسىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن زىندانغا قامالدىم. رۇم پادىشاھى ۋەزىرلىرى بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ:

— ئۇ مېنىڭ نەچچە باتۇرۇمنى بىر ئومۇمىي بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. نېمىدېگەن پالۋان - ھە؟ — دەپ، مې-نىڭ پالۋانلىقىمغا ئاپىرىن - تەھسىن ئوقۇپتۇ ۋە، — ئۇ پالۋان ئەسلىي تەرتۇس شاھىنىڭ پالۋىنى ئەمەس، سىرتتىن خالىس كەلگەنىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىزگە بەيئەت قىلىشنى تەرغىب قىلىپ كۆرەيلى، بەلكىم كۆڭلى بىزگە مايىل بولۇپ، بەيئەت قىلىپ قالسا، كۈيئوغۇل قىلىۋال-ساق، شۇندىلا بىزگە ئىشەنچلىك بولىدۇ. بىز بۇ ئارقىلىق تەرتۇس شاھى ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيمىز، دەپ قاراي-مەن، سىلەرچە قانداق؟ — دەپتۇ. ۋەزىر - ۋۇزرالار بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىردەك:

— شاھىمىزنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ! — دېيىشىپ

كېتىپتۇ.

— شاھىمىز دېگەندەك، بىزگە بالا بولۇپ قالسا، ھەر يىلى كېلىدىغان چەتنىڭ تاجاۋۇزىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن، — دېيىشىپتۇ ئۇلار.

مەسلىھەتى بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ماڭا تۇرلۇك سەرپايىلارنى كىيگۈزۈپ، ياخشى تائاملار بىلەن ئالاھىدە زىيapەت قىلىپ، شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. شاھ ماڭا ياخشى گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ، مېنىڭ بەيئەت قىلىشىمنى، ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولۇشۇمنى تەلەپ قىلدى. مەن شاھقا بەيئەت قىلمايدىغانلىقىمنى، كۈيئوغۇل بولمايدىغانلىقىمنى، ئىسلام قوشۇنىدىن ئايرىلىپ، كۇپپارلار قوشۇنىدا خىزمەت قىلمايدىغانلىقىمنى ئوچۇق بايان قىلدىم. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ:

— جاللات! — دەپ ۋارقىرىدى. جاللات يېتىپ كەلدى، مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. ۋەزىرلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— شاھئالەم، كەمىنىلىرىنىڭ جانابلىرىغا مەسلھەتىم شۇلدۇركى، ئۇ قانداقلا بولسۇن ھامانەم بىزنىڭ قولىمىزدا، ئۇ ھازىرچە ھېچنەگە كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىش ئاسان، چۈنكى ئۇ قوللىرىدا. ئۇنى ھازىرچە شەھەرگە يولغا سېلىپ، مەلىكەمگە تاپشۇرساق، مەلىكەم پالۋاننى بەيئەت قىلىشقا دەۋەت قىلىپ كۆرسە. ئەگەر بەيئەت قىلىش نېسىپ بولسا، جانابلىرىنىڭ مۇبارەك

خانىسىدا ئىززەت ـ ئابرۇيغا سازاۋەر بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىنى مەھبۇبلۇققا تەقدىم قىلىدىغانلىقىنى، بىزنىڭ دى-نىمىزغا كىرىپ، ئىتائەت قىلسا، ئامان قالىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلسا، ئەجەب ئەمەس، ئەگەر ئۇنىڭغا كۆنمىسە، تۇرلۇك ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى ئەس-كەرتكەي. ئەگەرچەندە مۇددىئايىمىزدەك بولۇپ، ئىتائەت قىلىپ قالسا تەلىيى، يەنىلا ئىتائەت قىلمىسا، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئىختىيارىدا بولغاي.

شاھ ۋەزىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋە-زىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئورۇنلۇق بىلىپ قوشۇلۇپتۇ ۋە مې-نى غول زەنجىر بىلەن باغلاپ ھارۋىغا سېلىپ، ياسا-ۋۇللارنىڭ قاراۋۇللۇقىدا شەھەرگە يولغا سالدى.

رۇم شاھى بىر ياساۋۇل ئارقىلىق قىزىغا تەرتۇس شا-ھىنىڭ پالۋىنىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى، ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن بولغان مەسلىھەتلىرىنى تولۇقى بىلەن يېزىپ ئەۋەتكەنىكەن. بىز ئوردىغا يېتىپ بارغاندىن كې-يىن، مەلىكىنىڭ ياساۋۇللىرى ئوردا ئىچىدە مېنى ئالاھى-دە تەييارلانغان ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇردى. مەن ئوردا ئىچىدە ئەركىن يۈرەلەيتتىم، لېكىن ئوردا سىرتىغا چىقالمايتتىم. ئۈچ كۈندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ مەھرەملىرى ماڭا مەلى-كىنىڭ قېشىمغا چىقىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. مەلىكە دېگەن مۆھلەتتە شانۇشەۋكەت بىلەن كېنىزەكلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا چىقتى، ئالاھىدە تەييارلانغان كۇرسىدا قارار

تاپتى. مەلىكە شۇنداق ساھىبجامال، قۇندۇز چاچ، شەھلا كۆز، زىلۋا بوي، پەرى سۈپەت نازىنىن ئىدىكى، دۇنيادا ئۇنىڭ تەڭدىشى يوقتەكلا بىلىنەتتى. ئۇ نازىنىن ماڭا قاراپ:

— ئەي پالۋان يىگىت! ئاتامغا بەيئەت قىلىپ، ئاتامنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ، خانىدانلىقىمىزنىڭ سا-ھىبى بولۇپ قېلىشنى خالىساڭ، مەن ساڭا مەھبۇبە بولۇپ قالغايمەن، ئاتام ھەم ساڭا مەرھەمەت قولىنى سۇنغاي. ئەگەرچەندە سەن بەيئەت قىلىشنى خالىمىساڭ، مېنىڭ ئەقىدەمنى رەت قىلساڭ، سېنىڭ تەقدىرىڭ ئاتامنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۆز جېنىڭغا ئۆزۈڭ زامىن بولغايسەن، — دەپ، جاۋابىمنى كۈتۈپ تۇردى. مەن مەلىكىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بېرىشنى سورىدىم. مەلىكە سۆزۈمنى قوبۇل كۆرۈپ، كېنىزەكلىرى بىلەن ئۆز قەسرىگە قايتتى.

ماڭا مەخسۇس ئۆي، مەخسۇس خىزمەتچىلەرنى بەلگىلەپ قويدى، ئۇردا ئىچىدە تېخىمۇ ئەركىن - ئازادە يۈرەلەيدىغان بولدۇم. ئۇردا ئەتراپى ئىنتايىن مۇستەھكەم قورغان بولۇپ، قاراۋۇللار تولىمۇ كۆپ ئىدى. مېنىڭ ئويلايدىغىنىم بۇ يەردىن قانداق قىلىپ قېچىش ئىدى. ئۇردا ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇردا سېپىللىرىنى كۆزىتەتتىم، ئەپلىك ئورۇن ئىزدەيتتىم. سېپىلنىڭ جەنۇبىدا بىرنەچچە ئېغىز ئۆي بولۇپ، بىر ئۆينىڭ تېمى سېپىلغا تۇتاش ئىدى. ئۆگزىدىن سېپىلغا چىقىش مۇشكۈل ئىدى. مەلىكە

بىلەن كۆرۈشۈپ يىگىرمە ئىككى كۈندىن كېيىن بارلىق ھازىرلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، قېچىش قارارىغا كەلدىم. تۈن نىسبى بولۇپ، ئوردا ياساۋۇللىرى قاتتىق ئۇيقۇغا چۆش-كەندە، ھازىرلاپ قويغان ياغاچنى ئاستا كۆتۈرۈپ، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئۆينىڭ قېشىغا كەلدىم. بەختىمگە يارىشا بۇ ئۆيدە ئادەم يوق ئىكەن، ئۆگزىگە چىقىپ، ياغاچنى سې-پىلغا يۆلەپ، يامىشىپ تۆپىگە چىقىۋالدىم، سېپىلنىڭ سىلىقراق يېرىدىن دومبەمنى سېپىلغا يۆلەپ سىيرىلىپ چۈشتۈم. شۇنىڭ بىلەن تەۋەككۈل، دەپ قاراڭغۇ كېچىدە يۈرۈپ كەتتىم. شۇ ماڭغانچە دەشت ـ باياۋانلارغا، گاھى قىلىن جاڭگاللارغا بېرىپ قالاتتىم. ماڭا ھېچقانداق يۇرت يولۇقمايتتى، ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيتتىم. مانا شۇنداق مېڭىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەشت ـ باياۋاندا ئې-گىز تاملىق قورۇغا بېرىپ قالدىم، دەرۋازىسى ئوچۇق ئى-دى. قورۇغا توسالغۇسىز كىردىم. قورۇ ئىچىدە كەڭ پې-شايۋانلىق ئۆيلەر قاتار تۇراتتى، پېشايۋاندا ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئولتۇراتتى، بوۋاينىڭ نېرىسىدا قازاندا شور-پىلار قايناپ، گۆشلەر پىشىپ تۇراتتى. مەن بوۋايغا ئەدەپ بىلەن سالام بەردىم. بوۋاي سالىمىمغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، بىر چىنە تاماق تەلەپ قىلدىم.

— مەن ماڭالمايمەن، سەن مېنى كۆتۈرۈپ قازان بې-شىغا ئېلىپ بارغىن، — دېدى. مەن بوۋاينى بالىنى كۆ-تۈرگەندەكلا كۆتۈرۈپ ئەكېلەي دېگەندىم، بوۋاي:

— ياق، ھاپاش قىلغىن، — دېدى. ماقۇل، دەپ ھاپاش قىلدىم.

بوۋاي ھاپاش بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇتىنى بىرلا تاشلىغانىدى، پۇتى سوزۇلۇپ بېلىمگە يەتتە ئورالدى. سول پۇتىنى ھەم بىر سىلكىگەنىدى، ئۇمۇ يەتتە ئورالدى. بوۋاي دۈمبەمگە چەمبەرچاس باغلاندى. بوۋاينى كۆتۈرۈپ، قازان بېشىغا ئېلىپ باردىم. ئۇ ماڭا تاماق ئۇسۇپ بەرمىدى. ئۇ-نىڭ ئادەم ئەمەس، رودۇپاي ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا بىل-دىم. شورپىلارنى ئۆزۈم ئۇسۇپ ئىچتىم، قورسىقىم تويغان-دىن كېيىن يەنە يولغا راۋان بول-دۇم. دۈمبەمدە رودۇپاي بار ئى-دى. دەشت - با-ياۋانلاردىكى رودۇ-پايلارمۇ كەينىمگە ئەگىشىۋالدى، قىرى ئۆلسە، ھا-پاش بولىمىز، دېگەندەك قىلى-شاتتى. شۇنداق قىلىپ، مۈشكۈل-دە بىر ئورمانغا



ئاران يېتىپ كەلدىم. ئۈجمىلەر پىشىپ مەي باغلاپ كەت-
كەن، چوڭ بوغما قاپاقلارمۇ سارغىيىپ پىشقانىدى. ئۈجمە-
لەرنى يىغىپ، چوڭ قاپاقلارغا سىقىپ سۈيىنى ئالدىم.
بۇلارنى كۈنلۈكى كۈنگە قاقلاپ ئىچىپ، مۇسەللەس قى-
لىپ ئىچتىم. بۇنى كۆرگەن رودۇپايلارمۇ ئىچىدىغان بول-
دى. بۇ ئورۇندا قانچىلىك كۈنلەر تۇرۇپ قالغانلىقىمنى
بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، مۇسەللەسنى رودۇپايلارنىڭ ئىچكەن-
لىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا كۆپرەك ئىچكۈزىدىغان
بولدۇم. ئۇلار كەيپ بولۇشۇپ ئۇخلايدىغان بولدى. مەن بۇ
چارە بىلەن ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلدۇم. ئادەمزات بار ما-
كاننى ئىزدەپ، نەچچە كۈنلەپ يۈرۈپ كەتتىم. مېنىڭ يۈر-
تۇم نەدە، قاياققا ماڭىمەن، ئېنىق بىلمەيتتىم. بىر كۈنى
بىر ئورمانغا بېرىپ قالدىم. بۇ ئورمان مايمۇنلار ماكانى
بولۇپ، نۇرغۇن مايمۇنلار مېنى تۇتۇۋېلىپ، يالاپ، پادىشا-
ھىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. مايمۇن پادىشاھى چىشى
مايمۇن ئىكەن. ئۇ مېنى ئەڭ يۇقىرىدا ئولتۇرغۇزدى.
— كېلىڭ، مېھمان، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ يېنىدىن
ئورۇن كۆرسىتىپ، — سىز بىزنىڭ يۇرتىمىزغا قانداق
بولۇپ كېلىپ قالدىڭىز؟
— مەن يۇرتۇمدىن سەپەرگە چىقىپ، يول ئادىشىپ
كېلىپ قالدىم.
— سىزنىڭ بىز تەرەپلەرگە كېلىشىڭىزنى تەقدىر
نېسىپ قىپتۇ، يۇرتىمىزدا ئۇزۇن تۇرۇپ قېلىشىڭىزغا

توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ يۇرتىمىزدا قىرىق مىڭ مايمۇن بار. بۇنداق بىرقانچە يۇرتلىرىمىز بولۇپ، ھەرقايسىسىدا قىرىق مىڭدىن مايمۇن بار. مېنىڭ ئېرىم ھەممىسىنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئۇ ئۆلدى، ھازىر ئۆزۈم پادىشاھلىق قىلىۋاتىمەن. سىز مېنى ئۆز ئەمرىڭىزگە قوبۇل قىلىپ ئېلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. بەرىبىر سىز كېتەلمەيسىز.

مەن ھازىر بۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئە-مەسلىكىنى بىلىپ، ئىلاجسىز ماقۇل بولدۇم. مايمۇنلار شاھى توي ھەققىدە ئەمر قىلغانىدى، مايمۇنلار جاڭگال يەل - يېمىشلىرىنى يىغىپ توي ھازىرلىقىنى پۈتتۈردى. ئۇ ماي-مۇنلارغا ئۆز ئادىتى بويىچە توي قىلىپ بەردى. بىر يىلدىن كېيىن مايمۇن ئايالىمغا، ماڭا رەھىم قىلىپ، مېنى يولغا سېلىپ قويۇشنى، بالا - چاقىلىرىم بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ ماڭا:

— بوپتۇ، بۇ يەردە ئۆمۈرلۈك تۇرمىسىڭىز مەيلى. بىراق، ھازىر مەن ھامىلىدار، بالا تۇغۇلغاندا، ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، كۆرۈپ كېتىڭ، — دېدى. مەنمۇ ماقۇل بولدۇم. ئاي - كۈن توشۇپ، يەڭگىدى. ئايالىم قىز تۇغقانىدى.

— قىزىمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، ئەمدى مەن كېتەي، — دېدىم.

— دېگىنىڭىز بولسۇن، لېكىن بۇ قىزىڭىز «ئاپا، دادا» دېگۈدەك بولغاندا كېتىڭ، — دېدى. بۇنىڭغا قانچە نارازى بولغان بولساممۇ، ئۇنىمىدى. ئۇ ۋاقىتنى ئۇزارتىش-

نىڭ ئامالىنى قىلالتى، مەن قېچىش پەيتىنى تاپالمايتتىم. قىزىمىز ئاخىر: «ئاپا، دادا» دېگۈدەك بولدى. يەنە مەن كېتىشكە رۇخسەت سورىدىم. ئۇ:

— بۇنى ياتلىق قىلغۇچە تۇرۇڭ، — دېدى. ئۇنىڭ مېنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن يولغا سالمايدىغانلىقىنى بىلدىم، قېچىش قارارىغا كەلدىم. يۇرتتىكى مايمۇنلارنىڭ جاڭگالغا يەل - يېمىش يىغىش ئۈچۈن كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئەپلەپ - سەپلەپ بۇ ماكاندىن يىراقلىشىپ، تەۋەككۈل، دەپ يولغا ئاتلىنىپ قاچتىم، ئالدى - كەينىمگە قارىماي، بار كۈچۈم بىلەن قاچتىم. بىرقانچە چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، كەينىمدىن ۋارقىرىغان ئاۋاز كەلدى، مەن تېخىمۇ تېزرەك قاچتىم. ئۇ:

— توختا ! بۇ بالا سېنىڭ بولامدۇ ياكى مېنىڭ بولامدۇ؟ — دېدى. مەن:

— سېنىڭ بولسۇن، سېنىڭ بولسۇن، — دەپ قولۇمنى پۇلاڭلىتىپ كېتىۋەردىم، قۇتۇلغىنىمغا خۇشال ئىدىم. بىرنەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن بىر قوي پادىسىغا يولۇقتۇم، بىراق قوي بېقىۋاتقان چوپان دىۋە ئىدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ:

— ھە، خوجا سىلىم، كەلدىڭمۇ؟ — دېدى.

ئۇ قويلىرىنى ھەيدەپ مېنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭدى، قويلارنىڭ ھەممىسىنى چوڭ بىر غارغا قامىدى، غار ئاغزىنى يوغان تاش بىلەن ئېتىپ قويدى، مېنى

كىچىك بىر غار ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، ئادەملەر قاتارىغا قوشۇپ قويىدى. غاردىكى كىشىلەر قىرىق ـ ئەللىكچە بو-لۇپ، ئۇلار: «مەن ئوروق، ئۇ سېمىز» دەپ چۇرقىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ قولى مەھكەم باغلاقلىق ئىدى. مېنىڭمۇ قولۇمنى باغلاپ قويىدى. «سەن هازىرچە بىرنەچچە كۈن مېھمان» دې-دى. شۇنىڭدىن كېيىن دىۋە غارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوت يې-قىپ، ئىككى ئاچماق زىخنى ئوتقا تاشلىدى. زىخ قىزىغان-دىن كېيىن قوتاندىكى بىر قوينى ئېلىپ كىردى. زىخنىڭ بىر تەرىپىگە قوينى، بىر تەرىپىگە بىر ئادەمنى ئۆتكۈزدى، ئۇ ئادەم خىرقىراپ ـ چىرقىراپ، ئوت ئۈستىدە جان بەر-دى. بۇلارنى ياخشى كاۋاپ قىلىپ، قوي گۆشى بىلەن ئادەم گۆشىنى ئارىلاشتۇرۇپ يېدى. ئۆلمەسلىكىمىز ئۈچۈن قوي گۆشىدىن ئاغزىمىزغا ئاز ـ ئازدىن چىشلىتىپ قويىدى. دىۋىنىڭ قارنى تويغاندىن كېيىن، زىخنى ئوتقا تاشلاپ ئۇي-قۇغا كەتتى. مەن باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن قولۇمنى يەشتىم، زىخمۇ ئوتتا قىزىپ چوغدەك تەييار بولغانىدى، مەن زىخنى دىۋىنىڭ كۆزىگە چەنلەپ تۇرۇپ بار كۈچۈم بىلەن تىقتىم، دىۋە ئورنىدىن چاچراپ تۇرغانچە:

— خوجا سېلىم، بۇ سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ! — دەپ، مېنى قوغلاشقا باشلىدى. غارنىڭ ئىشىكى تاش بىلەن ئېتىپ قويۇلغانلىقى ئۈچۈن قوي قورۇسىغا چىقىۋالدىم. ئۇمۇ قوي قورۇسىنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇۋېلىپ، قويلارنى بىر ـ بىرلەپ چىقىرىشقا باشلىدى. قويلارنىڭ ھەرقايسى-

سىنىڭ بىردىن ئىسمى بار ئىدى، قويلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىردىن سىلاپ چىقىراتتى. مەن يوغان بىر قوينىڭ تېرىسىنى ئۆزۈمگە يۆگىۋالدىم. بەختىمگە يارىشا، مەندىن باشقا قوي قالماپتىكەن، يەنە چاقىرغانىدى، مەن باردىم، دۈمبەمنى سىلاپ پەرق ئېتەلمەي مېنىمۇ چىقىرىۋەتتى. قويلارنى چىقىرىمەن، دەپ غارنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتكەندە، قويلارمۇ، ئادەملەرمۇ چىقىپ كەتكەنىدى. مەنمۇ چىقىۋال- دىم. دىۋە ئەمدى بىزنى تاپالمايتتى. غاردىن ئامان - ئې- سەن چىقىۋالغان ئادەملەر مەندىن مىننەتدار بولۇشۇپ، مەن بىلەن ھەمسەپەر بولۇشتى. يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرگەندىن كېيىن، ھەرقايسىسى ئۆز ماكانلىرىغا راۋان بولدى. مەنمۇ ئۆز ماكانىمغا كېلىپ ئىشىكنى قاقتىم. ئايالىم ئۆيدىن:

— كىم؟ — دەپ ۋارقىراپ چىقتى. تۈن قاراڭغۇ ئى- دى. ئۈنۈمدىن تونۇپ، ئىشىكنى ئاچتى. بىز كۆرۈشتۇق. ئۆيگە كىرسەم تېخىمۇ قاراڭغۇ بولۇپ، ھېچكىمنى كۆرگى- لى بولمايتتى، چىراغنى ياندۇرغۇدەك نەرسە يوق ئىدى. ئۆيىمىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى قوشنىمىز باققال بولۇپ، دۇكى- نىدا چىراغ يېنىپ تۇراتتى. مەن چىراغنى كۆتۈرۈپ ياد- دۇرۇش ئۈچۈن دۇكانغا كىرگىنىمدە، باققال:

— ۋاي ئوغرى ! — دەپ چۇقان كۆتۈردى. بازار يا- ساۋۇللىرى مېنى تۇتۇپ ئوردىغا ئېلىپ كەلدى، مېنىڭ نا- لە - زارىمنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. شۇنىڭدىن بېرى مانا

يىگىرمە يەتتە يىل ئۆتتى، مەن زىنداندا ياتتىم. مېنى سۈرۈشتۈرگەن بىرمۇ كىشى بولمىدى. بۈگۈن جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن زىنداندىن خالاس بولدۇم، — دەپ خوجا سېلىم سەرگۈزەشتىسىنى تۈگەتتى. پادىشاھ خوجا سېلىمنىڭ بۇ سەرگۈزەشتىسىگە ھەيران بولۇپ:

— نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرۈپسىز، زىنداندا ئۇزۇن مۇددەت بىگۇناھ يېتىپسىز، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ھىمايىمىزدە دەم ئېلىپ ياتقايسىز، — دەپتۇ. خوجا سېلىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئارامخۇدا ياشاپتۇ.

# ھاياتلىق سۇيى

بۇرۇن بۇرۇنىكەن، توخۇ تۈرنىكەن، پاقا چۆلدە، توش-قان كۆلدە ئىكەن. چاشقان نەرە تارتىپ يولۋاسنى قوغلايدىكەن، مۈشۈك پادىشاھ يۇرت سورايدىكەن. ئاشۇ زامانلاردا بىزگە يىراقمۇ، يېقىنمۇ، پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان جايدا بىر يۇرت بولغانىكەن. ئاشۇ يۇرتتا بېلى يادەك ئېگىلىپ، چېچى ئۈچتەك ئاقارغان، يېشى توقساندىن ئاش-قان بىر جۈپ ئەمگەكچان بوۋاي ـ موماي ياشىغانىكەن. بوۋاينىڭ ئىسمى مۆمىن، مومايىنىڭ ئىسمى مەلىكە ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ تۇرمۇش كە-چۈرىدىكەن. بىراق، بىرمۇ بالىسى يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ھېسابىدا پەقەت بىرلا ئېشىكى بار ئىكەن. ئۇلار ئاشۇ ئېشىكىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قى-لىدىكەن. ئۇلار قانائەتچان بولغاچقا، كۆڭلىرىنىڭ خاتىرجەم ئۆتۈۋاتقانلىقىدىن خۇش بولۇپ، نالە ـ زار قىلىشمايدى-كەن، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ھايات چىرىغىنى ياندۇرغۇدەك بى-رەر بالىسىنىڭ بولمىغانلىقىدىن، ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى

كېلىپ قالسا، قانداق قىلىش توغرۇلۇق باش قاتۇرىدىكەن.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي ئادىتى بويىچە تاغقا ئو-تۇنغا مېڭىپتۇ. ئۇ ئېشەك ئۈستىدە مۈگدەپ ئولتۇرۇپ، ياشلىق چاغلىرىنىڭ خىيالىنى سۇرۇپ، ئېشەكنى ئۆز مەي-لىگە قويۇپ بېرىپتۇ. ئېشەك كۆپ ماڭدىمۇ، ئاز ماڭدىمۇ، بىر چاغدا توختاپ قاپتۇ. مۆمىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارى-غۇدەك بولسا، قېلىن بىر چاتقاللىق ئىچىگە كىرىپ قالغا-نىكەن. ئۇ تۆت ئەتراپىغا قاراپ ھېچ يەرنى پەرق ئېتەلمەي تېنى شۈركۈنۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قورقۇنچ ئىچىدە چاتقاللىق ئىچىدىن تېز چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئالمان - تالمان بىر كۆتۈرۈم ئوتۇننى ئېشەككە ئارتىپ، ماڭىدىغان تەرەپنى بىلمەي تۇرغاندا، تۇيۇقسىز گۈركىرەپ چاتقاللىق ئىچىدىن دەھشەتلىك بوران كۆتۈرۈلۈپتۇ، قارا تۇمان مۆمىنگە كۆز ئاچقۇزماپتۇ. ئۇ خىيالىدىن، كۆرىدىغان كۈنۈم شۇنچىلىك ئوخشايدۇ، مېنى بۇگۈن بۇ يەرگە ئەجىلىم سۆرەپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دېگەنلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇۋىشىغا، پۈتىنىڭ ئاس-تىدىن بىرنەرسىنىڭ ئېچىنىشلىق نالە قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بوۋاي چۆچۈپ قارىسا، بىر يىلان نالە قىلغى-نىچە توقاچتەك يۆگىلىپ بوۋايغا تەلمۈرۈپ ياتقۇدەك. مۆ-مىن بۇنىڭ نېمە ئالامەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئېسىنى يى-غىپ بولغۇچە، چاتقاللىق ئىچىدىن بىر ئەجدىھا شالىنى چاچراتقىنىچە چىقىپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كېلىۋاتقۇدەك. مۆمىن قورقۇپ كېتىپ، بېلىگە قىستۇرۇۋالغان پالتىسىنى

قولىغا ئېلىپ: «قورققان ئالدىدا مۇشت كۆتۈرەر» دېگەن-دەك، ئەجدىھانىڭ كاللىسىغا بىر پالتا چاپقانىكەن، ئەجدى-ھانىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقى-لىپ تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. شۇ زامات يىلان چىرايلىق، كېلىشكەن، قامەتلىك قىران يىگىتكە ئايلىنىپ، مۆمىنگە ئېگىلىپ سالام بېرىپ:

— رەھمەت، بوۋا، سىلى بولمىغان بولسىلا، مەن ئۆ-لۈپ كەتكەن بولاتتىم، سىلىگە مىڭ قېتىم رەھمەت ئېيتساممۇ، ئازلىق قىلىدۇ، — دەپتۇ. مۆمىن ئۆزىنىڭ ساق قالغانلىقىدىن خۇش بولۇپ:

— ماڭا ھېچقانداق رەھمەتنىڭ كېرىكى يوق، — دەپ-تۇ. يىگىت ئۇنىڭغا:

— مەن پەرىزاتلار پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى ئىدىم. بۇ ئەجدىھا بولسا، بىر قارا چىشى دىۋە، ماڭا ئاشىق ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە بولۇشۇمنى تەلەپ قىلدى. مەن رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ مېنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۇچۇن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى، سىلىنىڭ ياخشىلىقلىرى بىلەن قۇتۇ-لۇپ قالدىم. بۇ ياخشىلىقلىرىنى مەڭگۇ ئۇنتۇمايمەن. سى-لىگە نېمە كېرەك؟ نېمىنى خالىسىلا، شۇنى ھازىر ئالدى-لىرىغا تەييار قىلىمەن، — دەپتۇ. مۆمىن:

— ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس. مۇشۇ كۈنلەردە ئوتۇن توشۇپ، ئوتۇن سېتىش تولىمۇ تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ، ياشلىقىمنى تولىمۇ سېغىنىپ كېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ.

يىگىت مۆمىننىڭ قايتا ياشىرىش ئارزۇسى بارلىقىنى بىلىپ:

— بوۋا، مەن سىلىنى ئارزۇلىرىغا يەتكۈزەي، قوللىرىنى ماڭا بېرىپ كۆزلىرىنى يۇمسىلا، — دەپتۇ. مۆمىن قولىنى سۇنۇپ كۆزىنى يۇمۇپتۇ، شۇ زامات ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. ئۇلار شۇنداق پەرۋاز قىپتۇكى، ئىللىق شامال مۆمىننى ئىنتايىن راھەتلەندۈرۈپتۇ. شۇ ئۇچقانچە خېلى ئۇچۇپتۇ. بىر چاغدا يىگىت: «كۆزلىرىنى ئاچسىلا» دەپتۇ. بوۋاي كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئاجايىپ گۈزەل بىر جايغا كېلىپ قالغانىكەن. بۇ جايىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ مۆمىن كىچىك بالىلاردەك سەكرەپ كېتىپتۇ. ئۇ كۆرگەن مەنزىرىنى قەلەم بىلەن تەسۋىرلەشكە كىشىنىڭ قۇربى يەتمەيدىكەن. يىگىت ئۇنى ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىلەر ئارىسىدىن ئايلاندۇرۇپ، زىلال سۇلۇق، مەرمەر كۆزلۈك بىر بۇلاق بويىغا باشلاپ كېلىپ:

— بوۋا، بۇ ھاياتلىق سۈيى، سۇدىن ئۈچ ئوچۇم ئىچسىلە ياشلىقلىرى ئەسلىگە كېلىدۇ، — دەپتۇ. مۆمىن سۇدىن ئۈچ ئوچۇم ئىچىپ ياشلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە، يىگىت ئۇنىڭغا بىر قاپاقنى بېرىپ:

— بوۋا، بۇ ھايات سۈيىدىن بىر قاپاق ئەكەتسىلە، ھەرقانداق كېسەل بۇ سۇنى ئىچسە، شىپا تاپىدۇ، — دەپتۇ. مۆمىن قاپاققا سۇنى قاچىلاپ بولۇشىغا، يىگىت:

— كۆزلىرىنى يۇمسىلا، — دەپتۇ، مۆمىن كۆزىنى

يۇمۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭ پۇتى يەرگە تېگىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقى تۇۋىدە ھېلىقى يىگىتنىڭ: «كۆزلىرىنى ئېـ-چىپ ئالدىلىرىغا ماڭسىلا» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتـۇ. ئـۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى يەردە كۆرۈپ، ئالدىغـا قـاراپ يـول ئاپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە بىر ھەپتە يۈرۈپ بىر يايلاققا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ كېتىۋاتسا، بىر تاشنىڭ كەينىدىن بىرنەرسىنىڭ نالە قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ شۇ تەرەپكە قاراپ مېـ-ڭىپتۇ. بېرىپ قارىسا، تاشنىڭ كەينىدە بىر كېيىـك قـاپـ-قانغا چۈشۈپ قېلىپ، نالە قىلىپ ياتقۇدەك. مۆمـىـن كـېـ-يىكنىڭ ھالىغا ئىچى ئاغرىپتۇ. كېيىكمۇ مۆمىننى كۆرۈپ تېپىچەكلەپ بېقىپ، كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزغىنىـچـە ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ يېتىپتۇ. مۆمىن كېيىكنىـڭ پـۇ-تىنى قاپقاندىن چىقىرىپ قويغان بولـسـىـمـۇ، ئـورنـىـدىـن تۇرالماي، يىقىلىپ كېتىپتۇ. يەنە ئورنىدىن تۇرۇشقا تىـر-كىشىپ باقسىمۇ، ئۈزۈلۈپ كەتكەن پۇتى بىلـەن يـەر دەس-سىيەلمەي يەنە يىقىلىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا مۆمىننىڭ يا-دىغا يىگىتنىڭ ئېيتقان سۆزى كېلىپ، قاپاقنىڭ ئاغزىنـى ئېچىپ، كېيىكنىڭ ئاغزىغا سۇنى تېمىتىپـتـۇ. كـېـيـىـك ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كېلىپ، ئۈزۈلۈپ كەتـكـەن پـۇتـى سەللىمازا ساقىيىپ، سىلكىنىـپ ئـورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى قەدەم مېڭىپ كەينىگە قايتىپ كېلىپ:


— ئـەي رەھىمدىل ئـادەم، سـەن مـېـنـى ئـۆلـۈمـدىـن قـۇتـۇلدۇرۇپ قويدۇڭ، بۇنىڭ ئۈچۈن سەن مەندىـن نـېـمـە

تىلەيسەن؟ ــ دەپتۇ. مۆمىن كېيىكنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ــ مەن سەندىن ھېچ نەرسە سورىمايمەن، ــ دەپتۇ.

ــ ئۇنداق بولسا، سەن بۇ تۈكۈمنى ئېلىۋالغىن، ماڭا ھاجىتىڭ چۈشكەندە كۆيدۈرسەڭ، ئالدىڭدا تەييار بولىمەن، ــ دەپ كەڭرى يايلاق قوينىدا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

مۆمىن يولىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شۇ ماڭغىنىچە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ بىر ھەپتە يۈرگەندىن كېيىن، بىر شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ، خۇدايا شۈكۈر، ئەمدى ئادەم بار يەرگە يەتكەن ئوخشايمەن، دەپ، خۇشال بولۇپ شەھەرگە كىرىپتۇ. كوچىدىكى ھەممىلا ئادەم ماتەم تونلىرىنى كىيىپ قارىلىق تۇتقان بولۇپ، بىرمۇ خۇشال ئادەم كۆرۈنمىگۈدەك. ئۇ بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ، بۇ ئىشنىڭ تېگىگە



يەتمەكچى بولۇپ، كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يەتمىش ياشلاردىكى بىر بوۋاينىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— ئەي ھۆرمەتلىك ئاتا، بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى نې-مە ئۈچۈن شۇنچە غەمكىن؟ چوڭ - كىچىك ھەممىسى ما-تەم تۇتۇپ كېيىۋاپتۇ، ئۇلار كىمگە قارىلىق تۇتۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى بوۋاي مۆمىنگە قاراپ:

— ئوغلۇم، سۆزۈڭدىن قارىغاندا بۇ شەھەرلىك ئەمەس ئوخشايسەن. شەھىرىمىزنىڭ مەلىكىسى سەكراتقا چۈشۈپ قالدى. ئۇ خەلققە بەكمۇ كۆيۈنەتتى، ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلايتتى. يۇقرالار، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالساق قانداق قىلارمىز، دەپ، غەمگە چۆكۈپ ماتەم تۇتىنى كىيىشتۇق، — دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپتۇ. مۆمىن يەنە:

— مەلىكىگە نېمە شىپا بولىدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قۇرئەندازلار كىتاب كۆرۈپ، مەلىكىگە ھايات سۈيى ئىچكەن كېيىكنىڭ كىندىكىدىن ئاققان ئىپارنىڭ دورا ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. بۇ يۇرت تەۋەسىدىكى ھەممە كې-يىكلەرنى ئەكەلگەن بولسىمۇ، لېكىن داۋا بولالمىدى، — دەپتۇ. مۆمىن بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كېيىكنىڭ ئېيتقانلىرىنى يادىغا ئېلىپ:

— مېنى شۇ يەرگە باشلاپ بارساڭ، — دەپتۇ. بوۋاي ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ. پادىشاھ مۆمىنـ-نى ئىززەت بىلەن قارشى ئېلىپ، قىزىنىڭ يېنىغا باشلاپ

كىرىپتۇ. مۆمىن قىزنىڭ راستتىنلا خەتەرلىك ھالدا ئىد-
كەنلىكىنى كۆرۈپ:

— پادىشاھىئالەم، قىزلىرىنى يالغۇز قالدۇرسىلا، —
دەپتۇ. پادىشاھ ئادەملىرىنى باشلاپ چىقىپ كېتىپتۇ. مۆ-
مىن يېنىدىكى كېپىكنىڭ تۈكىنى چىقىرىپ كۆيدۈرۈپتۇ.
كېپىك دەرھال ئالدىدا پەيدا بولۇپ:

— ئەي ئاق كۆڭۈل ئادەم، مەندىن ساڭا نېمە كېرەك؟ —
دەپتۇ. مۆمىن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

— مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالايلى، — دەپتۇ. كېپىك
شۇ زامات كىندىكىنى مەلىكىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ ئىپارنى
تېمىتىشقا باشلاپتۇ. مەلىكە ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىپ
كۆزىنى ئېچىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە مەلىكە كۈ-
لۈپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. مۆمىن مەلىكىنىڭ ساقايغانلىقىنى
بىلىپ، كېپىكنى ئۆز ماكانىغا قايتۇرۇۋېتىپ، قىزنى
باشلاپ تاشقىرىغا چىقىپتۇ. ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغان پادى-
شاھ، ئوردا ئەھلى، پۈتۈن يۇرتتىكى پۇقرالار خۇشاللىقتىن
تەنتەنە قىلىپ، مۆمىننى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپتۇ. پادى-
شاھ يۇرتقا كاتتا داستىخان سېلىپ مۆمىننى مېھمان
قىپتۇ. كۈنلەر ئەنە شۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقان
چاغدا، مۆمىننىڭ خىيالىغا ئايالى مەلىكە كەپتۇ - دە، بۇ
يەردە يەنە تۇرۇشقا تاقىتى قالماي، پادىشاھتىن:

— پادىشاھىئالەم، مەن خىزمەتلىرىدە شۇنچىلىك بولا-
لىغۇدەكمەن. ئىجازەت بەرسىلە، كېتەي، — دەپتۇ. پادى-

شاھمۇ بىر كۈنى ئۇنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويۇشنىڭ لازىملىقىنى ئويلاپ يۈرگەنىكەن. پادىشاھ مۆمىننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— سەن ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كېلىپ مەن ئۈچۈن ئۇن-تۇلغۇسىز ياخشى ئىش قىلىپ بەردىڭ، مەن بۇنىڭ بەدد-لىنى قايتۇرمىسام بولماس، شۇڭا قىزىمنى ساڭا بېرىمەن، بۇ يەردە مەڭگۈ تۇرۇپ قالغىن، — دەپتۇ. مۆمىن پادىشاھ-قا ئېگىلىپ سالام بېرىپ:

— پادىشاھىئالەم، ياخشى كۆڭۈللىرىنى قايتۇرۇشقا ھەددىم ئەمەس ئىدى، بىراق مېنىڭ ھالال جۈپتۈم بار، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلسام، تېخىمۇ بولماس ھەم خىيانەت قىلالمايمەن، — دەپ گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىپتۇ. پادد-شاھ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىغا مەيۈسلىنىپ قاپتۇ، ئاخىر، مەلىكە ئۆزى بىر كۆرۈشۈپ باقسا، گەپكە كىرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەننى خىيال قىلىپ، مەلىكىنى مۆمىن بىلەن كۆرۈش-تۈرۈپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، كۆز ياشلىرىنى تۆككىنىچە ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىپتۇ. مۆمىن مە-لىكىنىڭ بېشىنى ئاكىلارچە مېھرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، پادىشاھقا بەرگەن جاۋابىنى بېرىپتۇ. مەلىكە زار - زار يىغلاپ قايتىپ چىقىپتۇ. پادىشاھ ھېچ ئامال قالمىغانلىقد-نى بىلىپ، ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىپتۇ. مۆمىن يولغا چىقار ۋاقتىدا، پادىشاھ ئۇنىڭ ئۇنە-

مىغىنىغا قارىماي، قىرىق قېچىردا مال ـ دۇنيا بىلەن ئۈچ كۈنلۈك يولغىچە ئۈزىتىپ كەپتۇ. مەلىكىمۇ ئۈچ كۈنلۈك يولغىچە يىغلىغىنىچە كېلىپ، يىغلىغىنىچە خوشلىشىپ قاپتۇ....

مۆمىن پادىشاھ بىلەن خوشلىشىپ، ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، قويۇق بىر ئورمان ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ئەتراپنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ كېتىپ بارسا، يېقىن ئەتراپتىن بىرنەرسىنىڭ ئىڭىشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. مۆمىن، بۇ نېمە بولغىيدى، دەپ، ئەتراپنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. ئورمان ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەنچە ئاۋاز ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئاۋاز چىققان يەرگە بارسا، بىر توپ دەرەخنىڭ ئاچىسىغا بىر يولۋاسنىڭ بوينى قىسىلىپ قېلىپ، تېنى خۇددى ئادەم ئىلىپ قويغاندەك تۆۋەن ساڭگىلاپ تۇرغانىكەن. بۇنى كۆرۈپ مۆمىننىڭ ئىچى ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇ شۇ زامات دەرەخكە چىقىپ ئۇنىڭ بېشىنى ئاچىدىن چىقىرىپ يەرگە چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. مۆمىن دەرەخ ئۈستىدىن يەرگە چۈشكەندە، يولۋاس:

ــ ئەي ئاق كۆڭۈل ئادەم، ساڭا رەھمەت، ــ دەپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپتۇ. مۆمىن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

ــ يولۋاس، سەن ئۇ يەرگە قانداق قىسىلىپ قالدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. يولۋاس ئۆزى ئېسىلىپ قالغان دەرەخنىڭ يېنىدىكى قېرى دەرەخنىڭ كامېرىنى كۆرسىتىپ:

— ئۇ مېنىڭ ئۇۋام ئىدى. ئۈچ كۈن ئىلگىرى بەخىرامان ئۇخلاپ ياتسام، ئورمان ئىچىدىن تۇيۇقسىز قىيا - چىيا، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلاندى. قارىسام، بىرمۇنچە ئاتلىق ئادەملەر كېلىۋېتىپتۇ. قورققىنىمدىن ماڭىدىغان يولۇمنى بىلمەي ئۆزۈمنى پەسكە ئاتقاندىم، بوينۇم قىسىلىپ ئې-سىلىپ قالدىم. شۇ يەردە تۇرغىلى ئۈچ كۈن بولدى، — دەپ ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. مۆمىن يولۋاس بىلەن خوشلىشىپ ماڭماقچى بولغاندا، يولۋاس:

— ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەركىمنىڭ ئىشى. مەندىن نېمە تىلەيسەن؟ — دەپتۇ. مۆمىن يولۋاسقا:

— ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، — دەپ يولىغا ماڭماقچى بولغىنىكەن، يولۋاس ئالدىنى توسۇپ:

— ئەگەر بېشىڭغا بىرەر بالا كېلىپ، ماڭا ھاجىتىڭ چۈشسە، مۇشۇ تۈكنى كۆيدۈرسەڭ، مەن ئالدىڭدا تەييار بولىمەن، — دەپ بۇرۇتىدىن بىر تال يۇلۇپ بېرىپ ئور-مان ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

مۆمىن يولىنى داۋام قىلىپ ئورماندىن چىقىپ بىر سايلىققا چۈشۈپتۇ. سايلىقتىكى يول ئۇنى بىر تاغ ئېغى-زىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. تاغ ئېغىزىغا يېقىن يەردە نۇرغۇن سودىگەرلەر چېدىر تىكىپ چۈشكۈن قىلغانىكەن. مۆمىن، ئۇلارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرى ھېرىپ قالغان بولسا، ھاردۇق ئېلىۋاتسا كېرەك، مەن يولۇمنى داۋاملاشتۇراي... دەپ، ئۇلار بىلەن ئامان - ئېسەنلىك سوراپ ماڭغانىكەن، سودى-

گەرلەردىن بىرى:

— ھەي بۇرادەر، نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يۇرتقا قايتىمەن، — دەپتۇ مۆمىن. ياتقانلار مۆ-مىنىنىڭ جاۋابىدىن ئۇنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— بۇرادەر، بۇ تاغ ئارىسىغا قاراقچىلار جايلىشىۋېلىپ يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ، جانلىرىغا زامىن بولۇۋاتىدۇ. بىز شۇنچە نۇرغۇن ئادەم تۇرۇپ ئۆ-تۈشكە جۈرئەت قىلالماي ياتساق، سەن ئۆزۈڭ يالغۇز ئۆت-سەڭ، تېخىمۇ خەتەرلىك بولارمىكىن، — دەپتۇ. مۆمىن ئۇلارنىڭ يول يېرىمىدا چېدىر تىكىپ ياتقانلىقىنىڭ سەۋە-بىنى چۈشىنىپتۇ - دە:

— سىلەر قانداق قىلماقچى؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئامالسىزلىقىنى ئىپادىلەپ باشلىرىنى چايقىسا، بەزىلىرى:

— بىرەر پۇرسەت كېلىپ قالسا، قاراقچىلارنى يوقات-ساق، ئاندىن ئۆتەلەيمىز، — دەپتۇ. مۆمىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ:


— بىز بۇ يەردە ياتساق، ئۇلار ئۆزىسىدىن چىقمايدۇ، ئۇلارنى ساقلاپ ياتساق، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوزۇق - تۈلۈ-كىمىز تۈگەپ ئاچارچىلىقتىن ئۆلىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۇلار بىلەن بىر ئېلىشىپ كۆرەيلى، — دەپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ مۆمىنىنىڭ گېپىنى ئورۇنلۇق بىلىپ،

ھەممىسى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا تەييارلىنىپتۇ. تەييارلىق پۈتكەندىن كې- يىن، ئۇلار تاغ ئىچىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇزۇن ماڭمايلا تاغ ئارىسىدىن چوقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈلۈپ، توپا ـ چاڭ توزۇتۇپ، نۇرغۇن كىشى ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقۇدەك. مۆمىن بۇنى كۆرۈپ ئەتراپتىكىلەرگە قاراپتۇ. ئەتراپتىكى- لەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا، ئەمدى قانداق قىلىمىز، دېگەن- دەك قارىشىپتۇ. بۇ چاغدا مۆمىننىڭ كۆز ئالدىغا يولۋاس كەپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى يادىغا ئېلىپ يولۋاس- نىڭ بۇرۇتىنى يېنىدىن چىقىرىپ كۆيدۈرگەنىكەن، يولۋاس پەيدا بولۇپ:

ــ ئەي ئاق كۆڭۈل ئادەم، مېنى نېمە خىزمەتكە سا- لىسەن؟ ــ دەپتۇ. مۆمىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان قاراقچىلارنى كۆرسىتىپ:

ــ ئاشۇ قاراقچىلارنى ھالاك قىلىپ، بىزنى تاغ ئىـ- چىدىن ئامان ـ ئېسەن چىقىرىپ قويغان بولساڭ، ــ دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. يولۋاس:

ــ بولىدۇ، ــ دەپ بىر نەرە تارتقانىكەن، قىرىق بىر يولۋاس پەيدا بوپتۇ. قىرىق بىر يولۋاس يەنە بىر نەرە تارتقانىكەن، بىر مىڭ ئالتە يۈز سەكسەن بىر يولۋاس پەيدا بولۇپ، باستۇرۇپ كېلىۋاتقان قاراقچىلارغا قاراپ ئې- تىلىپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنى جەھەننەمگە يولغا ساپتۇ. سودىگەرلەر بۇنىڭغا بىر ھەيران



قالسا، بىر خۇش
بولۇپ، قاراق-
چىلاردىن قالغان
ئاتلارنى يىغىپ،
قاراقچىلارنىڭ
ئۇۋىسىغا كىرىپ
ئۇلارنىڭ مال -
مۈلكىنى ئاتلارغا
ئارتىپ، مۆمىنـ-
نىڭ قېچىرلىـ-
رىنىڭ كەينىگە
چېتىپ قويۇپ-
تۇ. ئۇلار تاغ ئىچىدىن چىقىپ ھەرقايسىسى ئۆز يۇرتىغا
تاراپ، ئامان - ئېسەنلىك تىلىشىپ خوشلىشىپتۇ.

مۆمىن ئۆز يۇرتىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يول،
نۇرغۇن تاغ - داۋانلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ ئۆز يۇرتىغا
كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، يۇرت ئىلگىرىكىدەك ئاۋات ئە-
مەس، شەھەر كوچىلىرىدا ئادەم شالاڭلاپ، قۇيۇنتاز پىر-
قىراپ يۇرگۇدەك. ئۇ نېمە ئالامەت ئىكەنلىكىنى بىلمەي،
ئۇدۇل ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇنىڭ كەمپىرى يالغۇز كۆلبىدە
غېرىبسىنىپ ياتقۇدەك، ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قال-
غانىكەن. مۆمىن ئۆيگە كىرگەندە ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سەن كىم، بۇ يەرگە كىمنى ئىزدەپ كەلدىڭ؟ —

دەپتۇ. مۆمىن:

ــ مەلىكە، مەن سىنىڭ مۆمىنىڭ، مەن قايتىپ كەلدىم، ــ دەپتۇ. موماي:

ــ راستىما، مەن سىنىڭ دەردىڭدە كۆپ يىغلاپ كۆزۈم كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئەمدى مەن سىنى كۆرەلمەي كې-تىدىغان ئوخشايمەن دەپتىمەن، ــ دەپ، ھەسرەت چېكىپ-تۇ. مۆمىن مەلىكىنىڭ ھالىغا ئىچىنىپ دەرھال يېنىغا ئېسىۋالغان قاپاقنى ئاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىكى ھاياتلىق سۇ-يىنى مەلىكىگە ئىچۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ كۆزى ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىپ مۆمىننى كۆرۈپ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي:

ــ سەن مېنى ئالداپسەن، مېنىڭ مۆمىنىمنىڭ ساقى-لى ئۇچىدەك ئاقىرىپ كەتكەن، سەن ياش يىگىت تۇرساڭ، قانداق مېنىڭ جۇپتۇم بولغۇدەكسەن؟ ــ دەپتۇ. مۆمىن ئۇنىڭغا:

ــ ئالدىرىما، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ياشىرىسەن، ــ دەپ، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بې-رىپ، قاپاقتىكى سۇدىن يەنە ئىچۈرگەنىكەن، مەلىكە تازا ۋايىگە يەتكەن بىر چوكانغا ئايلىنىپتۇ. ئۇلار ئىككىسى بىر ـ بىرى بىلەن خۇشال قۇچاقلىشىپ كېتىپتۇ. مۆمىن ئۆزى ئېلىپ كەلگەن ماللارنى قويىدىغان يەر تاپالماي، قو-لۇم ـ قوشنىلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرمەكچى بولۇپ قارىسا، قوشنىلارنىڭ بىرىمۇ يوق. مۆمىن ئالدىراپ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ:

— مەلىكە، يۇرتقا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە ئېغىر ئۇھ تارتىپ:

— يۇرتتا كېزىك كېسىلى تارقىلىپ كېتىپ نۇرغۇن كىشى ئۆلۈپ كەتتى، يەنە نۇرغۇن كىشى كېسەل ئازابىنى تارتىپ ياتىدۇ، — دەپتۇ. مۆمىن يۇرتنىڭ چۆلدەرەپ قېلىشتىكى سەۋەبىنى چۈشىنىپ، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپتۇ - دە، ئورنىدا تۇرالماي قاپتۇ. شۇ زامات قولىغا قاپاقنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى سۇنى يۇرت خەلقىگە ئىدىچۇرۇشكە مېڭىپتۇ. ئۇ پۈتۈن يۇرتتىكى خەلققە قاپاقتىكى سۇنى ئىچۈرۈپتۇ، خەلق كېسەلدىن سەللىمازا ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. مۆمىن ئەكەلگەن مال - دۇنياسىنى يۇرت خەلقىگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. يۇرت خەلقى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى، نۇرغۇنلىغان مال - دۇنياغا ئىگە بولغانلىقىدىن چەكسىز خۇشال بولۇپ، كېزىك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن پادىشاھنىڭ ئورنىغا مۆمىننى ئولتۇرغۇزۇپتۇ. مۆمىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، مال - دۇنيانى دوست تۇتماي، يۇرتنى ئادىل سوراپ، خەلقنى باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈپتۇ.

# نىيىتى يامان ئەجەلدىن بۇرۇن ئۆلەر

قەدىمكى زاماندا يىراق يۇرتلارنىڭ بىرىدە ئۈچ دوست
بولغانىكەن. ئۇلار كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.
ئۇلار ھەر كۈنى كۈن چىققاندىن تارتىپ كۈن پاتقۇچە مىـ-
ڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى بىر شەھەرنىڭ قارىسى-
نى ئاپتۇ. ماڭا - ماڭا شەھەر سىرتىدىكى بىر بۇلاقنىڭ
يېنىغا كېلىپ ئارام ئاپتۇ، بۇلاقنىڭ سۈپسۈزۈك ئارام-
بەخش سۈيىدە يۈز - قوللىرىنى يۇيۇشۇپ، قانغۇچە ئىـ-
چىشىپ، يايرىشىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلار تەڭلا بۇلاق ئىچىدىن
يوغان بىر ئالتۇن ساقا تېپىۋاپتۇ، ئالتۇن ساقىنى ئۈچى
تەڭلا ئاپتۇ، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قاپتۇ.
ئۇلار بۇ قىممەتلىك سەپىرىنى «قۇتلۇق سەپەر بولدى»،
«ئامەتلىك سەپەر بولدى» دېيىشىپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئۆزلىـ-
رىگە بەخت ئاتا قىلغان مۇشۇ بۇلاق تۈۋىدە ئۆزۈنىراق
ئارام ئېلىپ، ئاندىن شەھەرگە كىرىپ تاماشا قىلماقچى
بولۇشۇپتۇ.

بۇ ئۈچ دوستنىڭ ئالتۇنغا قارىغانسېرى كۆزلىرى

قىزىرىپتۇ. ھەر ئۇچىلىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، ھەرقاي-
سىسى ئالتۇن ساقىغا ئۆزى ئىگە بولۇۋالماقچى بوپتۇ،
ئەمما بۇ نىيەتلىرىنى بىر - بىرىدىن يوشۇرۇپتۇ. ئۇلار
شەھەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى قورساقلىرىنى راسا تويغۇ-
زۇۋالماقچى بولۇشۇپتۇ. ئارىدىن بىرى بازارغا بېرىپ
سامسا، گۆشگىردە ئەكەلمەكچى بوپتۇ - دە، بازارغا
مېڭىپتۇ.

ئۇ كېتىشى بىلەن قالغان ئىككىسى ئۇ كەلگەندە،
ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئالتۇن ساقىنى بۆلۈشۈۋالماق-
چى بولۇپ مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. ئەمما، سامسا ئەكېلىش-
كە كەتكىنىمۇ نىيىتىنى بۇزۇپ، بۇلاق تۈۋىدە قالغان
ئىككى دوستىنى بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ ئالتۇن ساقىغا
ئۆزى يالغۇزلا ئىگە بولماقچى بوپتۇ. شۇ خىيال بىلەن بىر
دۇكاندىن ئوغا سېتىۋاپتۇ. سامسىپەزگە ئۆزلىرىگە ئايرىم
سامسا تۈگدۈرۈپتۇ. دورا - دەرمەك دېگەن باھانە بىلەن
سامسىنىڭ قىيمىسىغا ئوغىنى سېپىپتۇ. سامسىپەز سام-
سىلارنى ئايرىم تۈگۈپ، پىشۇرۇپ، ھېلىقى نىيىتى بۇزۇق-
نى يولغا ساپتۇ. ئۇ سامسىنى كۆتۈرگىنىچە بۇلاق تۈۋىگە
كەپتۇ. ھېلىقى ئىككىسى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇ-
نى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۇلار سامسىغا تۇتۇش
قىپتۇ. سامسىنى راسا مەززە قىلىپ يېيىشىپ، بۇلاق سۇ-
يىدىن ئىچىپتۇ. بۇلاق بويىدا يانپاشلاپ يېتىپ ئارام ئېلى-
ۋېتىپ، ئوغىنىڭ تەسىرىدە شۇ يەردىلا جانلىرىدىن ئايرى-

لىپتۇ. ئالتۇن ساقمۇ بۇلاق ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇ ئۈچ دوست نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپتۇ.

«نىيىتى يامان ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلەر» دېگەن گەپ شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

Document generated by Anna's Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk4NTEuemlw",
"filename_decoded": "40209851.zip",
"filesize": 15555021,
"md5": "e83f18ffb7a66d7e014ba5d3002b3a53",
"header_md5": "d97534b7baef0d7427fa816813f33ca9",
"sha1": "9659382735f0c20954709cb10646a0ff964556ac",
"sha256": "c14df05c684730ffd6e8ecdb374a819d2b0a39b3009c555c21e1a2d751f7cead",
"crc32": 1398099324,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 15624376,
"pdg_dir_name": "\u2554\u00b1\u255e\u00b5\u2561\u2500\u255e\u2557\u2563\u221a\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209851",
"pdg_main_pages_found": 74,
"pdg_main_pages_max": 74,
"total_pages": 81,
"total_pixels": 334400000,
"pdf_generation_missing_pages": false
}